

# ETHNICUNITY

3
1998

- مەھمۇت يۇرتىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى
- ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى)
- قەلب دەرياسىدىن ئۈنچىلەر
- مەن ئۆلۈشنى خالىمايتتىم

- مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش — ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تېما
- تارىم دەرياسى پەرياد قىلماقتا

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

ISSN 1002-9184

## جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت

# ئەزىمەتلىرى



**لى دېجۇ** (چاۋشيەن مىللىتىدىن، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى)

1943- يىلى جىلىن ئۆلكىسىنىڭ ۋاڭچىڭ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، 1967-يىلى يەنبيەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىياسىي فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى ۋاڭچىڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ج ك پ ۋاڭچىڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى جىلىن ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ج ك پ لۇڭجىڭ ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ج ك پ جىلىن ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جىلىن ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ج ك پ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، 13-، 14-، 15 -نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى بولغان.

# مۇھەررىردىن تەۋسىيە

**بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،**
**ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.**

**باش شۇجى جياڭ زېمىن:** «مېنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى تارىخىمدا شىزاڭ مەن دائىم غېمىنى يەيدىغان جاي...»، «شىزاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىزاڭنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىغانلىقىلا پۈتۈن مەملىكەتكە قوشقان چوڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ»، «شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق قەتئىي قوغداش كېرەك. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە جاي، مەركەز شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى...، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك».

**ۋەكىللەر:** «ئالدىنقى نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا قاتناشقىنىمدا ئۆزۈمنى مېھماندەك ھېس قىلغانىدىم، بۇ نۆۋەتلىك يىغىنغا قاتناشقىنىمدا ئۆزۈمنى خوجايىندەك ھېس قىلدىم»، «ئازسانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى تۈپ مەسىلە ئىقتىسادىي مەسىلە، خەلقنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، تۇرمۇشى بەختلىك - باياشات بولسا، پارتىيىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئۇيۇشقاقلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ»، «گۇاڭشى — مېنىڭ ئانا يۇرتۇم، گۇاڭشى خەلقى — مېنىڭ ئاتا - ئانام. مەن ئاشۇ زېمىننىڭ ئوغلى ...» مانا بۇلار 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 1 - يىغىنىدا پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ، ئازسانلىق مىللەت ۋەكىل، ئەزالارنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار ئىشلار ھەققىدىكى يۈرەك ساداسىدۇر. قېنى مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر، بۇ جۇشقۇن سادالارنى زەن سېلىپ ئاڭلاپ باقايلى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تارىم دەرياسىنىڭ 1321 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى غول ئېقىنى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىسقىراپ 1001 كىلومېتىرغا چۈشۈپ قالدى. سۇ مىقدارى 50 - يىللاردىكىدىن $\frac{1}{4}$ قىسمى ئازىيىپ كەتتى. نۇرغۇن بوستانلىقلارنىڭ بەزىلىرى يوقىلىپ كەتتى، بەزىلىرى غايىب بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. بۇنىڭغا نېمە سەۋەب بولغان؟ ئۇنى قانداق تۈزەش كېرەك؟ ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپ ئۈزۈلمەي ئېقىپ شانلىق تارىم مەدەنىيىتىنى ئاپىرىدە قىلىپ سەلتەنەت قۇچقان ئانا دەريا دۇچ كەلگەن خەۋپلەرنى بىلىشكە قىزىقسىڭىز **«تارىم دەرياسى پەرياد قىلماقتا»** سەرلەۋھىلىك ماقالىنى نەزەرىڭىزدىن ساقىت قىلماڭ.

خەنزۇ، ياپون، ئىنگلىز، فرانسۇز قاتارلىق بىر نەچچە دۇنياۋى تىللارنى ئۆگىنىپ، چەت ئەلدىكى ئوقۇش ھاياتىدا تەبىئىي پەن ساھەسىدە دۇنيا ئالىملىرىنى ھەيران قالدۇرۇپ، 36 يېشىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىپ ۋەتىنىمىزگە قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسىنىڭ دوكتور ئاشتى تەتقىقات نۇقتىسىدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياش فىزىكا ئالىمى، دوكتور كۇرمىش ئىبراھىمنىڭ جاپالىق ئۆگىنىش روھىنى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىلىش ئىستىكىڭىز بولسا، **«مەھمۇت يۇرتىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى»** دېگەن ماقالىنى ئوقۇپ چىقىڭ.

**«ئامېرىكا تەسىراتلىرى»**نىڭ بۇ سان ژۇرنىلىمىزغا بېرىلگەن **«مۇشۇكئېيىق تېز تاماقخانىسىدىكى تەلەي سىناش پىچىنىسى ۋە ئولۇك كەلمىگەن تەلەي»** ناملىق قىسمىدا، كاپىتالىستىك جەمئىيەتكىلا خاس بولغان ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىسى — قىمارخانا ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە سالغان ۋەسۋەسىلىرى قىزىقارلىق، جانلىق سۈرەتلەپ بېرىلگەن. بۇنى ئىبرەت ئېلىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئوقۇپ كۆرەرسىز.

«بېخىل كىشى — كىتاب ئارتىلغان ھاڭۋانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يۈكىدىن ئۆزىگىمۇ پايدا يۇقماس» دېيدۇ بىر دانىشمەن. بىلىم - مەرىپەت ئىگىلەپ ئۇنى جايىدا ئىشلەتمەسلىكمۇ بېخىللىق تۈرىگە كىرىدۇ. ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنىڭ ھاڭۋانغا ئوخشاپ قېلىشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايدۇ. «گۈلدەستە» سەھىپىمىزگە بېرىلگەن **«مەن ئۆلۈشنى خالىمايتتىم»** ناملىق ھېكايىدا، بىلىملىك، بېخىل بىر ھاماقەتنىڭ ئەزرائىل ئالدىدىكى چاكىنا، پەس روھىي قىياپىتى تېز سىزما قىلىنىپ، ئەل پايدىسىغا ئىشلىمەسلىكنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن بىشارەت بېرىلىدۇ؛ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىمىز مۇھەممەت ئىمىننىڭ **«قەلب دەرياسىدىن ئۈنچىلەر»** ناملىق چاتما شېئىرىدا ئاپتورنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئۆزى زىيارەت قىلغان بىر قىسىم جايلارنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى مول تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئانا يۇرت ھەققىدىكى ئوتلۇق سۆيگۈسى يانداشتۇرۇلىدۇ؛ يەنى ئۇ يەردىكى كۆككە تاقاشقان بىنا، قەسىرلەر بىلەن يۇرتىمىزدىكى ئازادە بوستانلىقلار؛ ئىرماش - چىرماش كۆۋرۈك، ماشىنىلارنى، كۆز چاقنىتىدىغان چىراغلارنى باغاشلىغان جىددىي، رەڭدار تۇرمۇش مەنزىرىسى بىلەن قويۇق مىللىي كەيپىياتتىكى ساما، مەشرەپ سورۇنلىرى؛ شېرىن مېۋىلەر، توپىلىق يوللار تەسۋىرى گىرەلەشتۈرۈلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بۇ سەھىپىمىزدە يەنە ئابلىمىت مجىت ۋاپادارنىڭ كىشىنى ھايات ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشقا دەۋەت قىلىدىغان ئىككى پارچە نەسرى بار. ئاۋايلاپ تىزغان بۇ گۈلدەستىمىز كۆڭلىدىكىدەك بولدىمۇ-يوق، سىزنى ھوزۇرلاندۇرالامدۇ-يوق، ئەستايىدىل كۆرۈپ بېقىڭ!

# مۇندەرىجە

## ژۇرنىلىمىز ئالاھىدە ماقالىلىرى


مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش — ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تېما ........................ (4)

مىللەتتەسراتى—باش شۇجى جياڭ زېمىن: «شىنجاڭ — مەن دائىم غېمىنى يەيدىغان جاي...» ... (8)

مىللىتىمنى سۆيىمەن، جۇڭخوا ئېلىمنى سۆيىمەن........................ تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز جاڭ جېڭگۈڭ، چېن شىپىڭ (9)

ئۆلكە باشلىقى لى جياڭنىڭ دوكتورلار بىلەن سۆھبىتى .................... لوجىي (10)

مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جۇغلاپ، ئەسىرلىك ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرەيلى ... (11)


## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات


تارىم دەرياسى پەرياد قىلماقتا ........................ لى بىن، زېڭ جاۋشيا (14)


## مىللەتلەر مۇنبىرى


جۇڭگونىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى .............. جۇڭ ئىگىشيۇڭ، چېن دەن (20)


## پايتەختتىكى ئۇيغۇرلار


مەھمۇت يۈرتىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى ........................ تۇردى مەتنىياز (24)


## مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مۇدىرلىرىنىڭ سەلتەنىتى


مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق ئابىدە تىكلەپ چىقىشىمىز لازىم ..... ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى (28)


## مىللەت ۋە ئاپتونوم جايلار


لوبا مىللىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........................ رەخمەتجان ئەخمەت (32)


## جاھانغا نەزەر


ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) ........................ ئىدرىس بارات (34)


## دۇنيا مىللەتلىرى


ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشىندارچىلىق مۇناسىۋىتى ........................ (41)


## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ


«ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشىندارچىلىق مۇناسىۋىتى»دىن ئۆزىمىزگە بىر نەزەر.... ئەلسۆيەر (43)


## مىللەت خەزىنىسى


ئون يىللىق ئەجىر - مېھنەت مېۋىسى — «مىللەتلەر مۇزېيى» ....... ليۇ يۈي (44)


## ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس بەت


تېخىمۇ گۈللە، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى! ............ تۇرغۇنجان ئابلا تېرىمى (46)



# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرناللىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى

نەشرىيات باشلىقى، باش مۇھەررىر:
لى جىنچى (مياۋزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ليۇ جىنسو (موڭغۇل)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:
ئىدرىس بارات
چېن لىچى (دۇڭزۇ)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى:
جاڭ دېيەن (موڭغۇل)

ئۇيغۇرچە نەشرى
(ئومۇمىي 58 - سان)
ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
باش مۇھەررىر: ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ياسىن ھاۋازى
تېلېفون: 2837021

نۆۋەتچى تەھرىرى: خەمىت نىغمەت


ماقالە ئەۋەتىڭ مۇشتەرى بولۇڭ قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇندەرىجە





## مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت

«ئالداش بايرىمى»نىڭ كېلىپ چىقىشى .............................. (47)

## تۇرمۇشىڭىزغا مەسلىھەت

سول كۆكرىكىڭىز ئاغرىغاندا ........................... دىلنۇر تاجى (48)

## جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

كىتاب ئوقۇش ۋە خاراكتېر ................................................. (50)

تۇرمۇشقا تەبىر (قاتارلىق 4 پارچە) ........................................ (50)

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ھۇزۇرىغا سۇنۇلغان ئىككى سوئال .............................................................. (52)

## كۈلكە خۇرۇچلىرى

چەت ئەل يۇمۇرلىرى ............................................................ (54)

## گۈلدەستە

قەلب دەرياسىدىن ئۈنچىلەر (چاتما شېئىر) ...................... مۇھەممەت ئىمىن (56)

ئىككى نەسر ............................................ ئابلىمىت مجىت (ۋاپادار) (59)

مەن ئۆلۈشنى خالمايتتىم (ھېكايە) ............................ ئەخمەتجان خوما (60)

ئىككى مەسەل ............................................................ قۇربان ئېلى (61)

سۆز ئويۇنلىرى ................. تۇردى قادىر نازىرى، ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائىي (62)

## كىتاب خەۋىرى

«جەزبدار گۈلدەستىلەر» ناملىق كىتابنى كۆرۈشكە ئالدىراڭ ..................... (42)

## بەت ئاستى چىمەنزارى

مـۇھەررىردىن، ئوقۇرمەندىن، ئىزگۈنلەك، قەلب چىرىغى، شەيتان لۇغەت، قىزىقارلىق ئېلان قاتارلىق كىچىك سەھىپىلەر بويىچە دۇردانىلەر بېرىلدى ...................... (4 ـ 63)

## گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىنىڭ 1ـ بېتىدە: ئۇماق تاجىك قىزى ..................... سۈرەتنى ۋاڭ چېڭ تارتقان

مۇقاۋىنىڭ 2ـ بېتىدە: جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەربەتلىرى: لى دېجۇ ..........

مۇقاۋىنىڭ 3ـ بېتىدە: 9ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1ـ يىغىنى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 9ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتى 1ـ يىغىنىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر ...............

مۇقاۋىنىڭ 4ـ بېتىدە: لوبالارنىڭ بېزەكلىرى ............. سۈرەتلەرنى گوشۇكاڭ تارتقان



(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى 204 ـ نومۇر 2 ـ بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

ھەر يىلى 5 ـ ۋە 10 ـ ئايلاردا جايلاردىكى پوچتىخانىلار ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

ۋاكالەت نومۇرى: 117 ــ 58


ماقالە ئەۋەتىڭ    مۇشتەرى بولۇڭ    قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

# مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى تېزلىتىش — ئەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تېما

## — پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بىلەن بىللە بولغانلىقىدىن خاتىرە

ئەسىر ھالقىيدىغان كاتتا يىغىن يولۋاس يىلىدىكى باھار پەسلىنىڭ يېنىپ كېلىشى بىلەن ئۆز قەرەلىدە ئېچىلدى. 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ 428 ۋەكىلى 2979 ئومۇمىي ۋەكىل ئىچىدە يەنىلا ئالاھىدە بىر كوللېكتىپ ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايون ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئالاھىدە ئېتىبار ۋە غەمخورلۇققا ئېرىشتى. چۈنكى ئۇلار جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ %90تىن ئارتۇقراق زېمىنىدا ياشايدۇ، ئۇلار جۇڭخۇا مىللىتىدىن ئىبارەت 100 مىليون نوپۇسلۇق ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلار «ئائىلە» سىگە مەنسۇپ. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن بىش قاتۇرۇپ كەلدى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىدا پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىمىز ئاز سانلىق مىللەت ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىگە ئەڭ ئاۋۋال ۋە ئەڭ كۆپ باردى.

1

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى جياڭ زېمىن «خەلق» سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىغا ۋە شىنجاڭ زالىغا كېلىپ، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر، شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر ۋە ھەرقايسى مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرلىكتە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى ۋە ئالاقىدار باشقا دوكلات، تەكلىپلەرنى قاراپ چىقتى.

3 - ئاينىڭ 11 كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ باشلىقى لى پېڭ ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتناشتى.

«خەلق» سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا جياڭ زېمىن شىنجاڭ ۋەكىللىرىنىڭ سۆزلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، زۆرۈر تاپقان يەرلىرىنى خاتىرىلىۋالدى ھەمدە ۋەكىللەردىن مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى سورىدى.

جياڭ زېمىن چېن كۇيۈەن، لياڭ دىيەنچېن، دوجى سېرىن، رېدى قاتارلىق ۋەكىللەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ 3 - قېتىملىق شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت شىزاڭنىڭ مەركەز بەلگىلىگەن يېڭى دەۋردىكى خىزمەت فاڭجېنى ۋە سىياسەتلىرىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شىزاڭنىڭ ۋەزىيىتى ياخشى بولماقتا. شىزاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، بىر قولدا ئىسلاھات، تەرەققىياتنى يەنە بىر قولدا ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى تۇتۇپ، بۇ ئىككىسىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈردى، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلدى. بۇ، شىزاڭ خىزمىتىنى بۇنىڭدىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى ئىشلەشتە داۋاملىق تەدبىقلاشقا بولىدىغان ئاساسىي تەجرىبىدۇر. شىزاڭ رايونىدىكى بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى زور غەلىبىگە ئېرىشتى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيىتى مۇقىم بولدى، خەلق خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن شىزاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن يېڭى تەرەققىيات ۋە يېڭى نەتىجىلەر كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ.

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.

جىياڭ زېمىن مۇنداق دېدى: يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆزىنىڭ «مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى ئاساس قىلىپ، شىزاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك» دېگەن مۇھىم ئۇقتىدا شىزاڭ خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەن ـ ئىشلەنمىگەنلىكىنى ئۆلچەشتىكى ئاچقۇچ «قانداق قىلغاندا شىزاڭ خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزگىلى بولىدۇ، قانداق قىلغاندا شىزاڭنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ دېگەنلەرگە قاراش كېرەك» دېگەنىدى. پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۈكى، بىز يولغا قويغان مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى، شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىن سىياسىتى توغرا، مەركەزنىڭ شىزاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى چوڭ سىياسەت، فاڭجېنى توغرا، شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركەزنىڭ چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرىنى شىزاڭنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشمۇ توغرا. شىزاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ئىتتىپاقلاشقان جەڭگىۋار كوللېكتىپ.

جىياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: شىزاڭنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئەسلەپ، شىزاڭنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ شۇنداق مۇھىم خۇلاسىنى چىقىرىمىزكى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى ئىزچىل رەۋىشتە ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق. شۇنداقلا، بۇ بىر تارىخىي ھەقىقەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاھانگىرلىكنىڭ، فېئوداللىزمنىڭ، بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ زۇلۇمىغا ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە قاتتىق ئۇچرىغان، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغانىدى، تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى قولغا ئېلىشى، قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىي ۋە تەرەققىي قىلىش يولىغا مېڭىشى ئۈچۈن تۈپ شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئۇبيېكتىپ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغانلىكى كىشىلەر كونا شىزاڭ بىلەن يېڭى شىزاڭدىن قايسىسىنىڭ زۇلمەتلىك، قايسىسىنىڭ ھۆرلۈك ئىكەنلىكى، قايسىسىنىڭ قالاق، قايسىسىنىڭ ئىلغار ئىكەنلىكى، قايسىسىنىڭ ئىستىبدات، قايسىسىنىڭ دېموكراتىك ئىكەنلىكى، قايسىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقى، قايسىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىقى توغرۇلۇق ئادىل ھۆكۈم چىقىرالايدۇ. شىزاڭ ئازاد بولغاندىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋە



ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغان ئەسەرلەر بىردەك ئەسكەرتىلىپ قويۇلۇشى كېرەك.

ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر — دېموكراتىك ئىسلاھات ئېلىپ بارغاندىلا، سوتسىيالىزم يولىغا ماڭغاندىلا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا، ئىشكىنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن شىزاڭنى قۇتقۇزغىلى، تەرەققىي قىلدۇرغىلى، گۈللەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈردى.

جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: خەنزۇ كادىرلارنىڭ ۋە باشقا مىللەت كادىرلىرىنىڭ شىزاڭغا بېرىپ ئىشلىشى ۋە ئۆگىنىشى، شىزاڭلىق كادىرلارنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ باشقا جايلىرىغا بېرىپ ئىشلىشى ۋە ئۆگىنىشى شىزاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان مۇھىم تەجرىبىسى. نۇرغۇنلىغان خەنزۇ كادىرلار زاڭزۇ كادىرلار ۋە زاڭزۇ ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ، راھەت - ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، شىزاڭنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەجايىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. كۆپ قېتىن شۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى زاڭزۇ قېرىنداشلارنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. مەن ئىشىنىمەنكى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى، ھەممىنەپەس، تەقدىرداش ۋە قەلبداش بولۇپ، داۋاملىق ئۆزئارا ئۆگىنىسىلا، بىر - بىرىگە ياردەم بەرسىلا، بىرلىكتە كۈرەش قىلسىلا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىزاڭ رايونىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى تۆۋەن، ئاساسى ئاجىز، تەبىئىي شارائىتى جاپالىق بولغاچقا، زامانىۋىلاشقان شىزاڭ قۇرۇپ چىقىشتا ۋەزىپە ئېغىر، مۇساپە يىراق. جياڭ زېمىن شىزاڭدىكىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، ئىتتىپاقلاشقان، باي، مەدەنىي، سوتسىيالىستىك يېڭى شىزاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

جياڭ زېمىن شىنجاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ۋە باشقا تەكلىپلەرنى قاراپ چىقىش مۇزاكىرىسىگە قاتناشقاندا ئابلەت ئابدۇرېشىت، ياۋ يۈگېبىڭ، ۋاڭ چۈمىنيۇ، قۇربانجان مۇھەممەت قاتارلىق ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنى قانداق قىلىپ ياخشى ئىشلەش توغرىلىق مۇنداق ئىككى تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى:

بىرىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى داۋاملىق قەتئىي قوغداش كېرەك. شىنجاڭ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا ئىگە رايون، شۇنداقلا كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. بۇ رايوننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان چوڭ ئىش. مەركەز شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى كۆپ قېتىم مەخسۇس مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مەركەزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرىگە ئاساسەن، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى ۋە بەخت-ئەرلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پۇختىلىق بىلەن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىرى توغرا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركەزنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولدى.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش كېرەككى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن جاپالىق، نازۇك خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش جەھەتتىكى ۋەزىپە يەنىلا ناھايىتى ئېغىر. دەرەخ جىم تۇراي دېسىمۇ، شامال جىم تۇرغۇزمايدۇ. بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىدۇر. شىنجاڭلىق يولداشلار، بولۇپمۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ۋە دىن سىياسىتىنى داۋاملىق تۈردە ئەتراپلىق، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشى ۋە ئىجرا قىلىشى، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىدىيىۋى، سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا يېتىشەلمەيمىز.

ئىككىنچىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. شىنجاڭنىڭ بايلىقى مول، تەرەققىيات ئىستىقبالى پارلاق. مەركەز 9 - بەش يىللىق پىلاننى ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ 10 يىلىغا مۆلچەرلەنگەن تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزگەندە، شىنجاڭنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئېشىش نۇقتىسى قىلىپ، ئېنىق پىلان تۈزدى. ئالايلۇق، شىنجاڭنىڭ نېفىت، تەبىئىي گاز بايلىقىنى ئېچىپ، شىنجاڭنى پەيدىنپەي مۇھىم نېفىت خىمىيىسى سانائىتى بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. يەنە ئالايلۇق، شىنجاڭنىڭ پاختىچىلىق بازىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ تاۋار پاختا بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز. شىنجاڭدا يەنە ئىنتايىن مول رەڭلىك مېتال قېزىلما بايلىقلىرىمۇ بار. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىكى ئەۋزەل شارائىتلار ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، شىنجاڭدىن ئۈمىد زور.

جياڭ زېمىن مەركەزنىڭ شىنجاڭنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىلگىرىكىدەكلا زور كۈچ بىلەن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

## 2

3 - ئاينىڭ 11- كۈنى، لى پېڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىپ، ئوتتۇرا، غەربىي قىسىم رايونلاردا ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى قانداق قىلىپ تېزلىتىش، رايونلارنىڭ تەرەققىيات پەرقىنى قانداق قىلىپ پەيدىنپەي كىچىكلىتىش دېگەن چوڭ مەسىلىگە يەنىلا كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: «بايلىقنىڭ موللۇقى، كۆمۈر قاتارلىق قېزىلما بايلىق ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بايلىقىنىڭ مەملىكەت بويىچە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى ئىچكى موڭغۇل ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەۋزەللىك. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى كېرەك».

لى پېڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىدە ۋەكىللەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى ھەمدە ۋەكىللەرنىڭ نامراتلارنى يۆلەش، قۇم تىزگىنلەش، سىرەك يەر تەنتەكتىنى ئېلىپ بېرىش، يېزىلاردا توك پۇلىنىڭ بەك يۇقىرى بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ۋە مۇنداق دېدى: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىشىدا يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور، بولۇپمۇ خېتاۋ رايونىدا ئۆزلەشتۈرۈشكە بولىدىغان يەر ناھايىتى كۆپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئۈمىد زور. ئۇ يەردە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكىلەپ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپىنى يولغا قويغىلى بولىدۇ. چارۋىچىلىق رايونلىرىدىمۇ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئېھتىياجغا قاراپ پىششىقلاپ ئىشلەپ يېرىم تەييار مەھسۇلاتقا ياكى تەييار مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زور كۈچ بىلەن كۆچەت تىكىپ، ئوت - چۆپ تېرىپ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى قايتىدىن كۆپەيتىپ، قۇمنى تىزگىنلەش ۋە قۇملۇقنى تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتىش كېرەك. لى پېڭ مۇنداق دېدى: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا كۆمۈر بايلىقى مول، كۆمۈرنى توككا ئايلاندۇرۇش، كۆمۈر بىلەن توكنى بىرلىكتە باشقۇرۇش، كۆمۈر چىقىرىشنى توك چىقىرىشقا ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

لى پېڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا مىللەتلەر ئىتتىپاق، جەمئىيەت مۇقىم، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. مەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىلگىرى ئېرىشكەن نەتىجىلەر ئاساسىدا، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئورتاق ئالغا بېسىشى ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

(زايىت رەھىم تەرجىمە قىلدى)

# مىللەت ئەسىراتى

## باش شۇجى جياڭ زېمىن: «شىزاڭ — مەن دائىم غېمىنى يەيدىغان جاي...»

3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى چۈشتىن كېيىن باش شۇجى جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كەلدى، 20 ۋەكىل باش شۇجىنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن كۇيyۈەن، لاسا شەھەرلىك «شۆي» ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى لوساڭ (زاگزۇ) باش شۇجىغا خاداڭ تەقدىم قىلدى.

ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن جياڭ زېمىن بۇلتۇرقى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش، ئەڭ ئالدى بىلەن شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كەلدى. ئۇ: مېنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى تارىخىمدا شىزاڭ مەن دائىم غېمىنى يەيدىغان جاي، دېدى.

جياڭ زېمىن چېن كۇيyۈەن، رېدى قاتارلىق ۋەكىللەرنىڭ سۆزلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلىدى ۋە خاتىرە يازدى.

ۋەكىل لياڭ دىيەنچېن باش شۇجىغا ئىچكىرى جايلاردىكى بەزى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ رېخازېغا سىستېمىلار بويىچە قىلىۋاتقان ياردىمىنىڭ ئوبدان رول ئوينىغانلىقىنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن بارغان كادىرلارنىڭ جاپاغا چىدايدىغانلىقىنى، بىلىم سەۋىيىسى بارلىقىنى، تەسەۋۋۇرى كۈچلۈك ھەمدە كۆز قارىشىنىڭ يېڭى ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

باش شۇجى جياڭ زېمىن ئىنتايىن قىزىققان ھالدا: ئۇ كادىرلار شىزاڭغا بارغاندا ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك ئۆتكىلىدىن قانداق ئۆتتى؟ — دەپ سورىدى.

جياڭ زېمىن شەندۇڭ ئۆلكىسى ۋە شاڭخەي شەھىرى رەھبەرلىرىنىڭ شىزاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ھەمدە شىزاڭغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە شىزاڭغا ياردەم بېرىشكە بارغان كادىرلاردىن ھال سورىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، «كىملەر شىزاڭغا باردى؟» دەپ سورىدى، ئاندىن شاڭخەي شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چېن لياڭيۈ قاتارلىقلارنىڭ ئىسمىنى خاتىرىلىۋالدى.

جياڭ زېمىن يېنىدا ئولتۇرغان جياڭسۈن لوبوغا: سىلەر يەنە قايسى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج، ماڭا تىزىملىك يېزىپ بەرسەڭلار، تېلېفون ئارقىلىق ئۇلارنى سەپەرۋەر قىلىمەن، دېدى.

جياڭ زېمىن: «ھەر مىللەت خەلقى قەلبداش، ھەمنەپەس، تەقدىرداش» دېگەن سۆز قۇرۇق سۆز ئەمەس. شىزاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ شىزاڭنىڭ ئىچكى مۇقىملىقىنى ساقلىغانلىقىلا پۈتۈن مەملىكەتكە قوشقان چوڭ تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ، دېدى.

جياڭ زېمىن شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»نى ئىككى سائەتكە يېقىن قاراپ چىقتى.

جۇڭگو مىللەتلىرى 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان چوڭ ئائىلە، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەر مىللەت خەلقى قويۇق باردى - كەلدى قىلىشىپ، ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىشىپ، مۇرىنى- مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى بىرلىكتە بەرپا قىلغان. مانا بۇ — جۇڭگو ئېلى مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىپ تەرەققىي قىلىشىدىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، شۇنداقلا جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە، ئۇيۇشۇش كۈچىگە ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە بولۇشىدىكى مۇھىم مەنبە. پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بارغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت جەريانىدا، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشۇپ كەلدى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، ھەرقايسى تارماقلىرىدا ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان كادىر ۋە ئامما بىرلىكتە خىزمەت قىلماقتا، ھەممەيلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا قوللاپ، بىر- بىرىنى تولۇقلاپ بىرلىكتە يۈكسىلىش يولىدا ئىلگىرىلىمەكتە. بۇ بىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىزدىكى مۇھىم بىر ئەۋزەللىكىمىز ھېسابلىنىدۇ.

— جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىغا قاتناشقان شىزاڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكىلەرگە قىلغان سۆزى.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

# مىللىتىمنى سۆيىمەن، جوڭگونى

# ئېلىمنى سۆيىمەن

### ــ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن مۇدىرى چېڭ كېجيې توغرىسىدا

**تەكلىپلىك مۇخبىرىمىز جاڭ چېڭگۇاڭ، چېن شىپىڭ**

» بۇنىڭدىن كېيىن، مەن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيمەن، گۇاڭشىنى، گۇاڭشىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى قىزغىن سۆيگەنگە ئوخشاش، ۋەتىنىمىزنى، 56 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بارلىق قېرىنداشلىرىم ۋە ئاچا - سىڭىللىرىمنى قىزغىن سۆيىمەن».

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى چۈشتە سائەت 12 دىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يېڭىدىن سايلانغان مۇئاۋىن مۇدىرى چېڭ كېجيې «خەلق» سارىيىدا مۇخبىرنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان چىن ھېسسىياتلىق ھەققىي سۆزلەرنى قىلدى.

«گۇاڭشى ــ مېنىڭ ئانا يۇرتۇم، شۇنداقلا مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكانىم. گۇاڭشى خەلقى ــ مېنىڭ ئاتا - ئانام، مەن ئاشۇ زېمىننىڭ ئوغلى، جۇاڭزۇلار ماكانىدىكى تاغۇ - دەريالار مېنى يېتىشتۈردى، جۇاڭزۇلار يۇرتىدىكى ساددا، ئاقكۆڭۈل، ئەمگەكچان يۇرتداشلار، ماڭا ئادەم بولۇشنى ئۆگەتتى، ئىش قىلىشنى ئۆگەتتى.» ھەيۋەتلىك «خەلق» سارىيى ئالدىدا، جوڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلارنىڭ مىكرافونى، سىن ئالغۇ ئاپپاراتى ۋە فوتو ئاپپاراتلىرى ئالدىدا تۇرغان چېڭ كېجيېنىڭ ئىزھار قىلىشقا ھەممىدىن تەقەززا بولۇۋاتقىنى گۇاڭشىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گويا ئاتا - ئانىغا ئوخشاش مېھرىبانلىق بىلەن غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىشتىن، كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن، غەمخورلۇق قىلغان ۋە ئۇنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ، ئاسرىغان بىر مۇنچە يېشقەدەم يولداشلارغا، يېشقەدەم رەھبەرلەرگە ۋە بىرلىكتە ئىشلىگەن بارلىق يولداشلارغا تەشەككۈر ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

«مەن گۇاڭشىنىڭ شاڭلىن ناھىيىسىدىكى تاغلىق بىر كەنتتە تۇغۇلغان، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەربىيىسى مېنى بىپىجىك ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇپ، رەھبەرلىك ئورنىغا چىقاردى، ئەگەر مېنى گۇاڭشى خەلقى ئۈچۈن بەزى پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى دېيىلسە، ئۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىۋاسى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ كۆپ يىل تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. پارتىيە ۋە خەلق ماڭا كۆپ نەرسە بەرگەن بولسىمۇ، مېنىڭ خەلق ئۈچۈن قوشقان تۆھپەم بەك ئاز بولدى، مەن جەزمەن ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئىشلىشىم كېرەك».

چېڭ كېجيې ئۆزىنىڭ جۇاڭزۇ خەلقىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايدۇ، جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى يېڭى جوڭگولا جۇاڭزۇ خەلقىنى قەد كۆتۈرۈپ دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇشقا، گۈللەپ روناق تېپىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقىنى تېخىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ مۇنداق دېدى: جۇاڭزۇلار ئازادلىقتىن بۇرۇن كەمسىتىلەتتى، ئازادلىقتىن كېيىن مىللەتلەر باراۋەرلىكى يولغا قويۇلۇپ، جۇاڭزۇ خەلقى خوجايىن بولدى. 1958- يىلى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، شۇنىڭدىن بۇيان جۇاڭزۇلار يۇرتى گۈللەپ ياشناشقا يۈزلەندى. بۈگۈن پارتىيە ۋە خەلق مېنى يەنە يېڭى خىزمەت ئورنىغا چىقاردى. مەن بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەپ بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىمنى دۆلەتكە ئاتايمەن.

ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ يىل قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جوڭگوغا رەھبەرلىك قىلىپ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنى يولغا قويغانلىقىنىڭ 20 يىللىقى، قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز چوقۇم تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدۇ؛ گۇاڭشىدىكى ھەر مىللەت خەلقىمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە يۇرتىمىزنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقالايدۇ.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)



مۇھەررىردىن: بىزگە ئەۋەتكەن ئەسىرىڭىزنىڭ ئىملاسى توغرا بولسۇن ۋە قۇر ئارىلىقى كەڭرەك قالدۇرۇلسۇن.

# ئۆلكە باشلىقى لى جىياتىڭنىڭ

# دوكتورلار بىلەن سۆھبىتى

لوجىي

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى يۇننەن ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇرۇشلۇق جايغا 4 دوكتور كەلدى.

ئۇلار يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باشلىقى ۋەكىل لى جىياتىڭ (يىزۇ) تەكلىپ قىلىپ كەلگەن مېھمانلار ئىكەن. بىز كېلىشتىن ئىلگىرى، لى جىياتىڭ، ئۆلكىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ شۆرېن شۇنىڭدەك ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى بىر نەچچە نازىر، ئىدارە باشلىقى مەجلىسخانىدا ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن.

بۇ دوكتورلار يۇننەنلىك بولغانلىقى ئۈستىگە ھەممىسىنىڭ يىزۇ مىللىتىدىن ئىكەنلىكى تېخىمۇ قىزىقارلىق ئىدى. بۇ 4 دوكتور ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى: ياڭ چۈنشۈ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىدا دوكتور ئىكەن؛ لى شاۋرۇڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ دوكتورى ئىكەن؛ سۈي خۇگىيەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكىنىڭ خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەيدىكەن؛ شۈي شيەنپېي گوۋۇيۈەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدا ئىشلەيدىكەن.

لى جىياتىڭ ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى ۋە: «تۆتىڭلاردىن ئۈچىڭلار مەن بىلەن بىر يېزىلىق ئىكەنسىلەر» دېدى.

ئەسلىدە، بېيجىڭدا ئىشلەۋاتقان يۇننەنلىك بۇ دوكتورلار «ئىككى يىغىن» مەزگىلىدە يۇننەن ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ، يۇرتىنىڭ تەرەققىياتىغا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشمەكچى بولغانىكەن.

— يۇننەن ئىختىساسلىق خادىملارغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق، باشقا جايلاردا ئىشلەۋاتقان يۇننەنلىك ئىختىساس ئىگىلىرىمۇ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ يۇرتى ئۈچۈن تۆھپە قوشسا بولىدۇ، — دېدى لى جىياتىڭ. ئاندىن ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلىدى، — مەنمۇ باشقا جايدا ئىشلەپ، كېيىنچە يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ تۆھپە قوشقان. 1963 ـ يىلى چىقىپ كېتىپ 1993 ـ يىلى قايتىپ كەلگەنىدىم. يۇرتۇمغا قايتىپ كېلىپ بايقىدىمكى، يۇننەندە ئۆزگىرىش چوڭ بولسىمۇ، بەزى جايلاردىكى ئۆزگىرىش كۆڭۈلدىكىدەك بولماپتۇ. مېنىڭ يۇرتۇم شىپىڭ دۆلەت دەرىجىلىك نامرات ناھىيە. مەن تۇغۇلغان يېزىدىن مەندىن باشقا بىرەر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى چىقىپ باقمىغان... يۇننەندە ساۋاتسىزلىق نىسبىتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە نىسبەتتىن 10 پوئېنت يۇقىرى. ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ كەمچىللىكى يۇننەننىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرغان گەۋدىلىك ئامىل.

دوكتور ياڭ چۈنشۈ ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن باشقا دوكتورلارغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

— بىز يۇننەنلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇننەنلىك ئاز سانلىق مىللەتتىن، بىزنىڭ ئەڭ زور ئارزۇيىمىز يۇرتىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاز ـ تولا ھەسسە قوشۇش.

بۇ 4 دوكتورنىڭ ھەممىسى ياش بولۇپ بەزىلىرى ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرگەن، بەزىلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلەۋاتقىنىغا ئەمدىلا 2 ـ 3 يىل بولغان، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بار، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك ئىكەن.

دوكتور شۈي شيەنپېي ئەسلىدە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزا تەرەققىياتى تەتقىقات مەركىزىدە ئىشلىگەنىكەن. ئۇنىڭ «ئاز سوممىلىق كرېدىت» تېمىسى جۇڭگونىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن. لى جىياتىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن، يولداش ۋاڭ شۆرېننى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرۇپ دېدى:

— يولداش ۋاڭ شۆرېن مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى باشقۇرىدۇ، سىلەر ئالاقىلىشىپ تۇرۇڭلار، سىلەرنىڭ يۇرت ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىش قىلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

— مەن قەيەرگىلا بارسام يۇننەن خەلقىنى زادىلا ئۇنتۇمايمەن، — دېدى شۈي شيەنپېي تولۇپ ـ تاشقان قىزغىن ھېسسىيات بىلەن، — مەن ئاز سانلىق مىللەت دېھقانىنىڭ بالىسى.

شۈي شيەنپېي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەمكارلىق مەبلىغى بىلەن قۇرۇلغان كارخانا ماڭا 25 مىڭ يۈەن مائاش بەرمەكچى بولغانىدى، بارمىدىم، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىدا مەمۇرىي خادىم بولۇشنى تاللىۋالدىم، بۇنىڭدا يۇرتۇم ئۈچۈن بىر ئاز ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتتۇم. يۇرتۇمنىڭ ھازىرمۇ ناھايىتى نامرات ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇم. بۈگۈن بۇ يەرگە مۇشۇ مەقسىتىمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. يۇرتۇم زۆرۈر تاپسىلا، يۇننەن ئۈچۈن بەزى ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييارمەن.

لى جىياتىڭ دوكتورلارغا مۇنداق دېدى: يۇننەننىڭ باشقا جايلاردا ئىشلەۋاتقان ئىختىساسلىق خادىملىرى قىممەتلىك بايلىق، بىز بۇ ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ ياكى ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدا تۇرۇپ يۇننەننىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تۆھپە قوشۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

(زايىت رەھىم تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

كىرگۈزگۈچى: شىخو پارتىيە مەكتىپىدىكى پەخىردىن رەخمىتۇللا، ژۇرنىلىمىزغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە تەشەككۈر.

# مىللەتلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جۇغلاپ، ئەسىرلىك ئۇلۇغۋار ئىشلىرىمىزنى گۈللەندۈرەيلى

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ 2196 نەپەر ئەزاسىنىڭ بىرىمىدىن كۆپرەكىنى يېڭىدىن سايلانغان ئەزالار تەشكىل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئەزالار 257 نەپەر بولۇپ، ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ % 11.7 نى تەشكىل قىلىپ، 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋەكىلى بار بولدى. رەڭگارەڭ ۋە چىرايلىق كىيىنىشكەن ھەر مىللەت ئەزالار كۆرۈنگەن ھامان بىر نەچچە مىڭ مۇخبىرنىڭ نىشانى بولۇپ قالدى. ئاز سانلىق مىللەت ئەزالارنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە بەرگەن ئىجابىي تەكلىپ لايىھەلىرى ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يىلسايىن ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمى جۇڭگودا يولغا قويۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا يېرىم ئەسىردەك بولدى. بۇ جەرياندا ھەرقايسى نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە ئىزدىنىشلىرىگە پىشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئىجادىيەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن. بۈگۈنكى كۈندە، ئەسىر ھالقىيدىغان ئەزالار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېپيېڭى جۇڭگونى كېلەركى ئەسىرگە ئېلىپ كىرگۈسى!

**چېن لىخۇا (مانجۇ)**

**«دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئوخشىغاندەك قىلىمەن»**

بۇ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنىغا شياڭگاڭدىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان 115 نەپەر ئەرباب ئىچىدە بىر ئايال بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە قوزغىدى. ئۇ بولسىمۇ «چاڭئەن كۇلۇبى»، «بېيجىڭ ھەشەمەتلىك ئائىلە جابدۇقلىرى چەكلىك شىركىتى» قاتارلىق كۆپ خىل كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەشھۇر سوداگەر، مانجۇ ئەۋلادىدىن بولغان چېن لىخۇا خانىمدۇر. چېن لىخۇا خانىم ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغان ئاھالىلىرىگە پۇل ئىئانە قىلغان؛ بېيجىڭ شەھىرىنىڭ كونا - خەتەرلىك ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا بىر قانچە 100 مىليون يۈەن مەبلەغ سالغان؛ 100 ناخشىچىنىڭ «سۆيگۈ قۇچقۇن ئالەمنى» ناملىق ناخشا كۆرىكىنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا پۇل ئىئانە قىلغان؛ ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئاپتوموبىل ئىئانە قىلغان؛ باللار يەسلىسىگە سوۋغات تەقدىم قىلغان... ئۇنىڭ بۇنداق خالىسانە ياردەملىرى ئۇنىڭ شان - شەرىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

چېن لىخۇا خانىم 8 - ۋە 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى بولدى. ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ قەدىمكى ئۆي جاھازلىرىغا ئالاھىدە مۇھەببەت باغلىغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تارتىپ سودا قىلىشقا كىرىشكەن. سودا ئىشلىرىدا يولنى ئوبدان تاللىيالىغانلىقى، ئائىلىسىنىڭ ھال - ئەھۋالى خېلى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تېزدىن مەبلەغ توپلاپ، 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا چوڭ قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشقا باشلىغان. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى، شياڭگاڭ قاتارلىق جايلاردا شىركەتلىرى بار. جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئۆي جاھازلىرى ساھەسىنى تاللاپ، بىرمىغا ئۆزى بېرىپ نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق ئەتىۋارلىق قىزىل ساندال ياغىچى ئالغان. ھەرقايسى جايلاردىن ئۇستا تېپىپ كېلىپ، بېيجىڭدا نەچچە 100 ئىشچى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن، مۇشۇ جەھەتتىلا 100 مىليون يۈەندەك مەبلەغ سەرپ قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئۆي جاھازلىرى ياسىتىپ بىرمەرسىنىمۇ ساتماي، ھەننىۋاسىنى كېلەر يىلى پۈتىدىغان جۇڭگو قىزىل ساندال مۇزېيىغا ئاتاپ تەييارلاپ تۇرغان. ئۇ بۇلتۇر تەشكىللىگەن «قىزىل ساندال ياغىچىدىن ئىشلەنگەن 100 خىل نەپىس بۇيۇم كۆرگەزمىسى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇيۇشتۇرغان ھەمدە دۇنيا ئۆي جاھازلىرى ساقلاش كەسپىنىمۇ جانلاندۇرغان، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىمۇ نۇرلاندۇرغان. ئۇ: «ئالدىنقى نۆۋەتلىك سىياسىي مەسلىھەت

كېچىشكە قاتناشقىنىمدا ئۆزۈمنى مېھماندەك ھېس قىلغانىدىم، بۇ نۆۋەتلىك يىغىنغا قاتناشقىنىمدا ئۆزۈمنى خوجايىندەك ھېس قىلدىم، كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. مەن دىمۇرنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان شان- شەرىپى ۋە ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن» دېدى.

### جۇياليەن (موڭغۇل)

## مالىيىدە كىرىم بولغاندىلا ھۆكۈمەت ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ

لياۋنىڭ ئۆلكىسى فۇشىن شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇياليەن (موڭغۇل) مالىيە مىنىستىرلىكىدە ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتقان چېغىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئۈستىدە سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىش ئېلىپ بارغان، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، 1989 - يىلىدىن بۇيان جۇڭگودىكى % 90 تىن كۆپرەك چەت ئەل مەبلىغى دېڭىز بويلىرىدىكى 12 ئۆلكىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، بۇ شۇ جايلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈستۈنلۈكىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان. ئەمما ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىر بولغان رايونلارنىڭ مەبلەغ سېلىش مۇھىتى ناچار بولغانلىقىدىن چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغاندا پەقەت ئاددىي ھالدىكى ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىنلا بەھرىمەن بولغانلىقتىن، تاپاۋەتنى تەڭشەش مىقدارىنىڭ ئېشىپ بېرىشىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاشقا يېتىشمەي قالغان. يەنە بىر جەھەتتىن، ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوغلىشىش نەتىجىسىدە ئىچكىرى جايلارنىڭ مەبلەغلىرىمۇ ھەر خىل شەكىللەر بىلەن دېڭىز بويىدىكى رايونلارغا سېلىنىپ، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى تەرەققىياتنىڭ تەكشىسىزلىكىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن. بۇنداق تەكشىسىزلىك مۇنداق 2 جەھەتتە يەنى: 1. رايونلار پەرقىدە؛ 2. كەسىپلەر پەرقىدە ئىپادىلىنىدىكەن. مەسىلەن، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 4 مىليارد يۈەن بولسا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ ئومۇمىي مالىيە كىرىمى 70 مىليارد يۈەن ئىكەن. مالىيە كۈچى بولمىسا، ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيىتىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا مەن مۇنداق تەكلىپ بېرىمەن:

1. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىنراق بولغان رايونلاردا دۆلەت دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونى قۇرۇلسا.

2. «چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كەسىپلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش مۇندەرىجىسى»دىكى چەكلەنگەن تۈرلەر ئىچىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىرراق بولغان رايونلاردا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان بەزى كەسىپلەرنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ بېرىپ، باشقا رايونلاردا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى، ئاشۇ رايونلاردىلا تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەپ قويۇلسا.

3. چەت ئەل سودىگەرلىرى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىرراق بولغان رايونلاردا مەبلەغ سالغان تۈرلەردىكى چەت ئەل سودىگەرلىرى سالغان مەبلەغ سوممىسى دائىرىسىدە ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنە ۋە خام ماتېرىياللارنىڭ ئىمپورت قىلىش بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە كېمەيتىش جەھەتتىكى سىياسەتتىن باشقا رايونلار بەھرىمەن قىلىنمىسا.

4. ئىقتىسادىي بەكرەك تەرەققىي تاپقان رايونلاردىكى كارخانىلارنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىرراق بولغان رايونلارغا بېرىپ مەبلەغ سېلىپ زاۋۇت قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇلسا.

5. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ۋە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىرراق بولغان رايونلارنى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن، ئېكسپورت قىلىشتا باج قايتۇرۇش سىياسىتى جەھەتتە باشقا رايونلارغا قارىغاندا ئاشۇ رايونلارغا تولۇق ئېتىبار بېرىلسە.

### تەن بوۋېن (تۇجيا مىللىتى)

## ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى تۈپ مەسىلە ئىقتىسادىي مەسىلىدۇر

ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەزا تەن بوۋېن مۇنداق دېدى: پۈتۈن مەملىكەت بىلەن، بولۇپمۇ تەرەققىي تاپقان ئۆلكە، رايونلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پەرقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى سەگەكلىك بىلەن كۆرمەكتىمىز. ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي ئومۇمىي مىقدارى ئاز، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى شاڭخەي، جياڭسۇلارنىڭ مالىيە كىرىمىدەك كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭدىن قالسا، تەقسىم قىلىشقا بولىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم ئاز، 1997 - يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3900 يۈەن بولۇپ، مەملىكەت بويىچە



ئىزگۈتلەك: پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى ئاسىگۈل كېرىم، ژۇرنىلىمىزغا ئىشتىياق باغلىغىنىڭىزغا رەھمەت.

ئوتتۇرىچە كىرىم ساندىن 1260 يۈەن ئاز؛ دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 1800 يۈەن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە كىرىم ساندىن 290 يۈەن ئاز، بۇ جەمئەتتە پەرق يەنىمۇ زورىيىپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىۋاتىدۇ. يېزا - قىشلاقلاردىكى نامراتلارنىڭ سانى خېلى جىق، شەھەرلەردىكى ئىش ئورنىدىن ئايرىلغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى توپ مەسىلە ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپ، خەلقنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، تۇرمۇشى بەختلىك - باياشات بولسا، پارتىيىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئۇيۇشقاقلىقى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

نىما زىرىن (زاڭزۇ)

## «پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ مىللىتىمىزگە ھەۋەس بىلەن قارىشى كېرەك»

نىما زىرىن 10 - بەنچەن نام بېرىپ رەسمىيلىققا تەكلىپ قىلغان رەسسام بولۇپ، ئوردا سىزما رەسىملىرىنى، دىنىي تۈس ئالغان سىزما رەسىملەرنى ئادەتتىكى خەلق سەنئىتىگە يۈزلەندۈرگەن پېشۋادۇر.

دىنىي تۈس ئالغان سەنئەتتە سىزما رەسىم مۇھىم تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭدا دىنىي ۋەقەلەر سۈرلۈك ئىبادەتخانىلاردا ئىپادىلىنىدۇ. 1962 - يىلى سىچۈەن گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن زاڭزۇ رەسسام نىما زىرىن «ئاقسۆڭەكلەر سەنئىتى» ھېسابلىنىدىغان بۇ ھۈنەرنى ئادەتتىكى پۇقرالارغا قانداق يۈزلەندۈرۈشنى خىيال قىلىپ كەلگەن. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەزگىلدە رەسىم سىزىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالماي، كەنزى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتتە ئادەتتىكى مەمۇرىي خىزمەتكە قويۇلغان. ئۇ ئاشۇ 10 يىل جەريانىدا تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، كۆپ تەرەپلىمە خام ماتېرىيال توپلىۋالغان، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى تەپەككۇرىنىمۇ پىشىپ يېتىلگەن. 1973 - يىلى ئۇ رەسىم قەلىمىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ ھەر خىل چاتما رەسىم، ئويما رەسىملەرنى ئىشلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغاپ تۇرغىنى يەنىلا مۇبالىغىسىمان نەپىس رەسىم بۇيۇملىرى بولغان. قانداقتۇر بىر خىل ئىجادىيەت ئىستىكى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا جۇشقۇن ھېسسىيات قوزغىغان. ئۇنىڭ 1982 - يىلدىن كېيىن سىزغان بەزى ماي بوياق رەسىملىرى بېيجىڭدا كۆرگەزمە قىلىنىپ ياخشى باھاغا ئېرىشكەن، مۇكاپاتمۇ ئالغان. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۇنى تېخىمۇ ئىشەنچكە ئىگە قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مىللىتىنى ۋە مىللىي سەنئىتىنى باشقا بىر نۇقتىدىن كۆزىتىشكە باشلىغان.

«مېنىڭچە، زاڭزۇ مەدەنىيىتى دىندىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ، مەدەنىيەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن دىننى ئوبدان چۈشىنىۋېلىش كېرەك، دىننى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش كېرەك. 3 - قۇتۇپ بولغان شىزاڭ ھاياتلىقنىڭ ئەڭ چەكلەنگەن رايونى بولغانىكەن، ئۇ يەردە زادى نېمە مەنىۋى تۈۋرۈك بولالىغان؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىپ، ئۇنى سىزما رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەشنى سىناپ باقتىم».

«زاڭزۇلار ئۆزگىچە بىر بوشلۇقتا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. قارلىق تاغلار چوققىسىدا تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن ناخشا ئېيتالايدۇ. ناخشا ئوقۇغۇچى، بىرەر ئادەم ياكى كىچىككىنە بىر سەھنىگە ئەمەس، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان پۈتكۈل تەبىئەتكە يۈزلەنگەن بولىدۇ. 1986- يىلى ھەزرەت بەنچەن مېنى ئۆزىنىڭ رەسساملىقىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ماڭا كۆپ قېتىم: بىر مىللەتنىڭ ئىقتىسادتا ئارقىدا قېلىشى قورقۇنچلۇق ئەمەس، مەدەنىيىتىنىڭ بولماسلىقى قورقۇنچلۇق، دېگەنىدى. ئۇ مېنى تامغامنى رەسىمگە بېسىپ قويۇشقا، بۇ ئارقىلىق زاڭزۇ مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇپ، مىللىتىمىزنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشقا ئىلھاملاندۇرغانىدى. مەن بۇددا دىنىي ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى ھازىرقى تۇرمۇشتىكى ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ رەسىم سىزىپ چەت ئەللەردە كۆرگەزمە قىلدىم. چەت ئەللىكلەر مۇنداق گۈزەل سەنئەتنىڭ بارلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقماپتىكەن. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ئەزالىرى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېمىسىدا رەسىم سىزىدىغان ئاز سانلىق مىللەت رەسساملىرىدىن مەن بىرلا ئىكەنمەن. بۇنىڭدىن ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بىزگە غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئەھمىيەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولىدۇ، بۇ، يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي سەنئىتىمىزنىڭمۇ دۇنياغا يۈزلىنەلەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ».

«ھاياتلىق چەكلەنگەن جايدا ياشىغان ۋە تەرەققىي قىلغان مىللەت قالتىس مىللەت ھېسابلىنىدۇ، پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ مىللىتىمىزگە ھەۋەس بىلەن قارىشى كېرەك».

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

گىزگۈتمەلەك: غۇلجا ناھىيىسىدىكى مۇھەممەتجان راشىدىن، تەھرىرلەر ۋە لوقۇرمەنلەر سىزنىڭ جوشقۇن شېئىرلىرىڭىزغا تەشنا.



# تارىم دەرياسى پەرياد قىلماقتا

لى بىن، زېڭ جاۋشيا

*تارىم دەرياسى قەدىمدىن تارتىپ ئۈزۈلمەي ئېقىپ كېلىۋاتقان دەريا بولۇپ، خوتەن، نىيە، كۇسەن، كرورەن... قاتارلىق قانچە - قانچىلىغان مەدەنىيەتلەر ئۇنىڭ بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇنىڭ قوينىدا ئۇيغۇرلار، تۇڭگانلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ۋە باشقا مىللەتلەر جەددىي جەڭ تەييارلىقىنى قىلىشقان، ئېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھوسۇل ئالغان، پارلاق مەدەنىيەت گۈللىرىنى ھاسىل قىلغان. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ئېلىمىزدىكى باشقا چوڭ دەريالاردىنمۇ بەتتەررەك خەۋپكە دۇچ كېلىپ، دەريا ئېقىنى قىسقىراپ، بىپايان ئورمانلىقلار ھالاك بولۇپ كەتمەكتە.........*

مۇخبىرلار جۇڭخۇا مۇھىت ئاسراش بويىچە ئەسىرگە يۈرۈش قىلىش مۇخبىرلار ئۆمىكى بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىپ، «تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئاسراش» دېگەن تېما بويىچە، چوڭقۇرلاپ زىيارەت ئېلىپ باردى. تارىم دەرياسىدا ساقلىنىۋاتقان خىلمۇخىل ئەھۋال ۋە مەسىلىلەرنى ئاڭلىغان ۋە كۆرگەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا: يېشىل بوستانلىق كارىدورىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل غايىب بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تارىم دەرياسى تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاسراش مەسىلىسىگە دۆلەتمۇ، يەرلىكمۇ تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن ھالدا كۆڭۈل بۆلۈپ، سۇ بايلىقىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سىڭىپ سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى يېشىل بوستانلىقلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش كېرەك. تارىم دەرياسىنى قۇتقۇزايلى! دەپ كۈچلۈك مۇراجىئەت قىلىشتى.

## تارىم دەرياسىغا قۇلاق سالايلى

نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كۈنلۈن تېغى بىلەن پامىر ئېگىزلىكىدىكى يىللاپ ئېرىمەيدىغان قاتمۇقات قار - مۇزلار 2437 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تارىم دەرياسىنى يېتىلدۈرۈپ، قەدىمكى غەربىي دىيارنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى بېقىپ كەلگەن.

ئاقسۇ دەرياسى، خوتەن دەرياسى، زەرەپشان دەرياسىدىن ئىبارەت 3 دەريا ئېقىنىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تارىم دەرياسى ئېلىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا، شۇنداقلا دۇنيا بويىچە 2 - چوڭ ئىچكى قۇرۇقلۇق دەريا ھېسابلىنىدۇ. تارىم دەرياسى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات مۇھىتى ھازىرلاپ بەرگەن، جەنۇب ۋە شىمال ياقىلارنى كېسىپ ئۆتكەن قۇملۇقلاردا كۆپلىگەن يېشىل كارىدورلارنى شەكىللەندۈرگەن. بىر زامانلاردا، قەدىمكى قاشتېشى يولى ۋە يىپەك يولى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەن؛ دىن تارقاتقۇچى راھىبلار، پوپلار، شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ بۇ يەردىن ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان.

ۋەھالەنكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى دەريا بويلىرىدا ۋە ئوتتۇرا ئېقىنلىرىدىكى قىرغاقلاردا كۆپلەپ بىنەم ئېچىلغاچقا، بىنەملەرگە سۇ باشلاش سەۋەبىدىن ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر كېلىدىغان ئەسلىدىكى دەرياﺋېقىنى بارا - بارا سوغىلىپ قېلىشقا

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە.

باشلىغان. ئەمەلىي ئۆلچەشلەردىن ھاسىل قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، 50 ــ يىللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاساسىي دەريا ئېقىندىكى سۇ مىقدارىنىڭ $\frac{1}{4}$ قىسمى ئازىيىپ كەتكەن. غول ئېقىنىڭ ئوتتۇرا قىسىملىرىنىڭ ھاۋادىن تارتىلغان سۈرەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوتتۇرا ئېقىندىكى دەريا قىنى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ ئۆتتۈشمە ھاسىل قىلغان. سۇ يۈزى 30 كىلومېتىر كەڭلىكتە يېيىلىپ ئاقىدىغان بولغان، ھەممە يەرنى كۆل ـ توختام سۇلار قاپلاپ كەتكەن ۋە كۆز يەتكۈسىز سازلىق ھاسىل بولۇپ كۆپ مىقداردىكى توغراقلىق ۋە يايلاقلار سازلىققا ئايلىنىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن مىقداردىكى سۇ ئوتتۇرا ئېقىندىكى ئويمانلىقلاردا ئىسراپ بولۇپ كەتكەن.

دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا جايلاشقان لوپنۇر ناھىيىسى تەۋەسىدە مەلۇم بىر يەككە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى تارىم دەرياسى بويىدىكى يېگىبازار كۆۋرۈكى يېنىدىن ئورمانلىقلارنى بۇزۇۋېتىش ھېسابىغا 2000 مودەك يەر ئېچىپتۇ، نەتىجىدە سۇ باشلاپ كېلەلمىگەنلىكتىن، زىرائەتنىمۇ تېرىيالماي قالغان، شۇنىڭ بىلەن 2000 مو توغراقلىق جاي قىقىرسايغا ئايلىنىپ قالغان. بۇنداق ئەھۋاللار تارىم دەرياسىنىڭ كەڭ ۋادىسىدا كۆپ ئۇچرايدىكەن.

سۇ مىقدارى جىددىي يوسۇندا ئازىيىپ كەتكەنلىكتىن، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ ئاخىرقى بۆلەكلىرىدە 20 يىلدەك ئۈزۈلۈش ھاسىل بولغان، لوپنۇر كۆلى، تېتما كۆلى قاتارلىق كۆللەرمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇپ كەتكەن. تۆۋەنكى ئېقىندىكى يەر ئاستى سۈيى بەك تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكتىن، ئادەتتە «قۇملۇقتىكى يېشىل قوغدىغۇچى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن توغراقلار كۆپلەپ قۇرۇپ تۈگەشكەن، تارىم دەرياسى بارغانسېرى چېكىنگەن، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1321 كىلومېتىر كېلىدىغان غول ئېقىن 1001 كىلومېتىرغا قىسقىراپ كەتكەن. دەريا قىنى 300 كىلومېتىردىن كۆپرەك قىسقارغان.

90 ـ يىللارغا كەلگەندە ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەن: تۆۋەنكى ئېقىندا سۇ بايلىقى قىس بولۇش زىددىيىتى بارغانسېرى گەۋدىلىنىپ، «يېشىل كارىدوردىكى 1 مىليون مو كەلگۈدەك توغراقلىق پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان: كۆپ مىقداردىكى يىكەنلىك ـ قومۇشلۇق ـ سازلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى ۋە يۇلغۇنلار ئاساسىي جەھەتتىن غايىب بولۇپ كەتكەن؛ يېشىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بەلۋېغىمۇ 40 ـ يىللاردىكى 5 ـ 10 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى ھالەتتىن 2 ـ 5 كىلومېتىر ئارىلىققا چۈشۈپ قالغان؛ چۆللىشىپ ـ قۇملىشىپ كېتىش يىلدىن ـ يىلغا كۈچىيىپ، يېشىل بوستانلىقلار يىلسايىن كىچىكلەپ كەتكەن. تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي ياقىسىغا جايلاشقان چاقىلىق ــ كورلا



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغان ئەسەرلەر بىردەك ئەسكەرتىلىپ قويۇلۇشى كېرەك.

تـاشيـولىنىڭ 160 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۆلىكى قۇمـ بورانىنىڭ ۋەھىمىسىگە ئۇچرىغان. قۇملۇقتاغ قۇمى ھەر يىلى 3 ـ 5 مېـتىرلىق سۈرئەت بىلەن غەربكە كۆچۈپ، يېشىل كارىدورنى «يالماپ» كېتىپ، تەكلىماكان قۇملۇقىمۇ شەرققە قـاراپ كېڭەيگەن، بۇنىڭ بىلەن ئىككى چوڭ قۇملۇقنىڭ 100 نەچچە جايى بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشى دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بىگتۈمەندىكى 50 نەچچە مىڭ كىشىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزۈپلا قالماستىن، شىنجاڭغا كىرىشتىكى 2 ـ لىنىيە ئىستراتېگىيىلىك چوڭ يول بولغان «218» دۆلەت يولىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. دەريانىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىگتۈەنى تۇرۇشلۇق تارىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى «60 ـ يىللاردا بىنەم ئېچىپ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرگەن، 70 ـ يىللاردا بىنەمنى قىسقارتىپ تەرتىپكە سالغان، 80 ـ يىللاردا سۇ ئۆتنە ئېلىپ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرغان، 90 ـ يىللاردا كۆچۈپ كېتىپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى تاشلىغان» دېيدىغان ھالەتلەرنى بېـشـىدىـن كـەچۈرۈپ، ھەر يىلى قۇرغاقچىلىققا قېلىش نەتىجىسىدە، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 1500 دىن ئارتۇقراق كىشى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كېتىپ قالغان.

«باشتا سۇ جىق، تۇشمۇتۇشتا بىنەم ئاچقان،
ئوتتۇرىدا كەڭ قىرغاقتا بىنەم ئاچقان،
سۇ قىسىلقتىن تۆۋەننى ئاچلىق باسقان»

دېيىلگەن خەلق قوشىقى تارىم دەرياسىنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى كونكرېت ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ھازىر تارىم دەرياسى ۋادىسى سۇ ۋە تۇپراقنى ئۆزلەشتۈرۈشتىكى قىزىق نۇقتىلىق رايون بولۇپ قالغان، تارىم دەرياسىنىڭ ئېكولوگىيىلىك ئاسراش ئىشلىرى تېخىمۇ ئېغىر خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە ئىكەن. شىنجاڭدا نېفىت بىلەن پاختا ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغانلىقتىن، نېـفىـت ئىـشلـەپچىقىرىش بىلەن پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېڭىدىن 5 مىليون مو يەر ئۆزلەشتۈرۈش پىلانى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن سۇ باشلاپ كېلىش كېرەك، نۇرغۇن مىقداردىكى سۇ بايلىقى يۇقىرى ئېقىن ۋە ئوتتۇرا ئېقىندىكى يەر ئۆزلەشتۈرۈشلەرگە تارتىلىپ كېتىپ، تۆۋەنكى ئېقىننىڭ سۇ بىلەن تەمىنلىنىشى تېخىمۇ چوڭ مەسىلە بولۇپ قالغان. تارىم دەرياسى بارغانسېرى چوڭ بېسىمغا دۇچ كېلىۋېتىپتۇ.

**بـۇ مـەنزىـرىـنى تـارىخ ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك**

قەدىمكى كولدۇرما ئاۋازى مۇشۇ كەڭ، پايانسىز قاغجىراق زېمىندا نەچچە مىڭ يىللاپ جاراڭلاپ كەلگەن.

مـۇنداق بىـر مـەنزىـرە كىشىنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەس بەلكىم: تارىم دەرياسى بويىدىكى قىقىر سايدا قـۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالغان بىر تۈپ توغراق يالىڭاچ ھـالەتتە تۇرماقتا، ئۇنىڭ كۆتەك ـ يىلتىزلىرى ئېچىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاپئاق غولى گويا ئۆلمەس جـانغا ئوخشاش ئاسمانغا قاراپ، قەيسەرلىك بىلەن تىك تۇرماقتا. مانا بۇ تارىم ئويمانلىقىدىكى ھاياتلىق دەرىخى، 1000 يىل كۆكىرىپ تۇرىدىغان، قۇرۇپ كەتسىمۇ 1000 يىلغىچە يىقىلمايدىغان، يىقىلغاندىن كېيىنمۇ 1000 يىلغىچە چىرىمەي كەتمەيدىغان توغراق ئىكەن!

ئـەمـەلىيەتتە، تارىم دەرياسى مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنىغا بىر قانچە ئون يىللار بولغان.

شىي جىچياڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى، ئۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى باشلاپ مەخسۇس فىلىم ئالغان چېغىدا تارىم دەرياسى بويىدىكى تاغ، دەرياـ ئۆستەڭ ۋە جىلغا ـ قاپتاللارنى كېزىپ چىققانىكەن: «ئۇ چاغلاردا دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ياپسا ـ تۇتاش كەتكەن ياپيېشىل توغراقلارنى كۆرگىلى بولاتتى؛ ئـەمدىلـىكتـە ئۇلارنىڭ ئاندا ـ ساندا كۆلەڭگۈسىنى ئۇچراتقىلى بولىدىغان بولۇپ قاپتۇ» دېدى ئۇ.

شىنجاڭغا كەلمىسە، جۇڭگونىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى بـىلگىـلى بولمايدىكەن؛ تارىم دەرياسى بويىغا كەلمىسە، ئېكولوگىيىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىقىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا چۈشىنىۋالدۇق.

مـۇشـۇ ئـەسـىرنـىڭ باشلىرىدا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ كـىندىكىنى زىيارەت قىلىپ كېزىپ چىققان ئەنگلىيىلىك

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا يېتىشەلمەيمىز.

ئېكسپېدىتسىيىچى سىتېيىن لوندوندا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي، غەربىي ۋە جەنۇبىدىكى تاغلىقلار بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلاردىلا ئادەم ماكان تۇتۇپ ياشاشقا بولىدىغان زېمىن بار ئىكەن، ئۇنىڭ دائىرىسى پايانسىز قۇم جەزىرە بىلەن سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ تار ۋە ئاز ئىكەن... ئۇ قۇملۇق يەر شارىدىكى جىمىكى قۇملۇق - جەزىرىلەر ئىچىدە ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بىلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىكى يېشىل بوستانلىقلار قوڭۇررەڭ بېرزېنت ئۈستىدىكى ئاندا - ساندا داغقا ئوخشاش كۆرۈنىدىكەن، خالاس. تارىم ئويمانلىقىدا يېشىل بوستانلىقلارنىڭ بارغانسېرى ئازىيىپ كىچىكلەپ ياكى تاشلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت داۋاملىشىشى، كېسەللىك ئاپەتلىرىنىڭ تارقىلىپ تۇرۇشى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، سودا يوللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق بىر مۇنچە ئامىللار بار ئىكەن».

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىشىچە، نىيە، كىرورەن، مىرەن... قاتارلىق جايلاردا، خەنزۇ، تۈرك، ئۇيغۇر، تۇبۇت، موڭغۇل قاتارلىق قانچە - قانچىلىغان مىللەتلەر سانسىز قېتىملاپ جەڭ - جېدەللەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئاشۇ يېشىل بوستانلىقلارنىڭ ۋە قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ: تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن، بولۇپمۇ سۇنئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بولغان، دېگەن تەھلىلنى دەلىللەپ تۇرىدۇ.

تارىمنىڭ تەرەققىياتى ئەگەر يەنىلا تارىم دەرياسىنىڭ غول ئېقىنى ۋە باش ئېقىنلىرىنىڭ ئاياغ قىسىملىرىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قۇربان قىلىۋېتىش ھېسابىغا ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان بولسا، قارىماققا مەلۇم مەزگىللىك «گۈللىنىش» كە ئېرىشكەندەك قىلسىمۇ، زور بىر بالايىئاپەتنىڭ ئۇرۇقىمۇ شۇ قاتاردا كۆمۈلگەن بولىدۇ. بىر قانچە يىلدىن كېيىن، شۇنداق قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە پەيدا بولۇشى مۇمكىنكى، يېزا ئىگىلىك 2 - شىسىگە قاراشلىق 5 -تۇەن مەيدانىدىكى 200 مىڭ مو كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر ۋە 50 نەچچە مىڭ ئادەم ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالىدۇ، تارىم ئويمانلىقىدىكى مىليون گېكتار ھەجىمدىكى تەبىئىي يېشىل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆلۈشى تېزلىشىدۇ ۋە تىزگىنسىز قالغان قۇملۇق - جەزىرە تېخىمۇ «تەلۋىلىشىپ» كېتىدۇ - دە، ئويمانلىقنىڭ چۆرىلىرىدىكى يېشىل بوستانلىقلارغا ھۇجۇم باشلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن تارىختىكى كىرورەن پاجىئەسى قايتىلىنىدۇ. مەسىلىنى چۈشەندۈرەلەيدىغان سانلارمۇ شۇنداق ئىكەنكى، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كۆلىمى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى 370 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن 1985 - يىلىدا 421 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكەن، ھازىر يەنىلا داۋاملىق كۆپىيىۋېتىپتۇ.

نېمىلا دېگەن بىلەن، يەنىلا بەزى ئادەملەر ئەقىل - پاراسەتلىك ئىكەن. ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ مۇراجىئەت قىلىشى ئارقىسىدا 1992 - يىلىدىن ئېتىبارەن تارىم دەرياسىنى تۈزەش ئىشلىرى يېڭى باسقۇچقا كىرىپتۇ. شۇ يىلى تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش كومىتېتى ۋە تارىم دەرياسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلۇپتۇ. ئاپپارات قۇرۇلغاندىن كېيىن، غول ئېقىن يولىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى، غول ئېقىندىن سۇ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىشنى يولغا قويۇش چارىسى، غول ئېقىن ۋادىسى ئومۇمىي پىلانى، دەريا ۋادىسى سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشنى يۈكسەك دەرىجىدە باشقۇرۇش چارىسى قاتارلىق بىر مۇنچە قائىدە - تۈزۈملەر تۈزۈلۈپتۇ. «سۇ ھەققىنى تۇراقلاشتۇرۇش، سۇ ھەققىنى يىغىش ۋە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىغا يوللىنىپ تەستىقلىتىش باسقۇچىدا تۇرۇپتۇ. تارىم دەرياسىنى تۈزەش ئىشىدا دەسلەپكى قەدەمدە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك نىزام ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ.

دۇنيا بانكىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى يېشىل بوستانلىق كارىدورىغا جىددىي سۇ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇشقا مۇۋەپپەق بوپتۇ. 29 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىش بىلەن 1995- يىلى يۇقىرى ئېقىندىكى سۇ ئامبىرىدىن تۆۋەنكى ئېقىنغا 2 مىليون 800 مىڭ كۇب مېتىر سۇ يەتكۈزۈلۈپتۇ. بوستانلىقلارنىڭ تەشنالىقى بىر قېتىم قاندۇرۇلۇپتۇ. گەرچە ئۇ جانغا ئەسقاتمايدىغان چاغلىقلا سۇ بولسىمۇ، تارىم دەرياسى ۋادىسى تۆۋەنكى بۆلىكىنىڭ 10 نەچچە يىلغىچە تامچە سۇمۇ كۆرمىگەن تارىخىغا خاتىمە بېرىلىپتۇ.

لېكىن، رېئاللىق كىشىلەرنى ئۈمىدۋار قىلالمايدىكەن. ھوقۇق ۋە مەبلەغ تېخى تولۇق ئۆز جايىغا كەلمىگەن ئەھۋالدا، تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە زادى ئامالسىز قاپتۇ.



مۇھەررىردىن: باشقا مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتكەن ئەسىرىڭىزنى بىزگە ئەۋەتمەڭ.

بۇ ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتقان بەزى مۇتەخەسسىسلەر «جەنۇبنىڭ سۈيىنى غەربكە باشلاش»، يەنى تۇڭتيەنخې دەرياسىدىن 120 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تونېل تېشىپ سۇنى شىنجاڭغا باشلاپ كېلىش؛ يەنە يارلۇڭ زاڭبۇ دەرياسىدىن 840 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تونېل ئۆستەڭ قېزىپ شىنجاڭغا سۇ باشلاش دېگەن دادىل تەسەۋۋۇرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشقان. شىنجاڭدا سۇ ـــ ھەممە ئىكەن. سۇ بولسىلا، شىنجاڭنى، بولۇپمۇ تارىم دەرياسى بويلىرىنى دۆلەت دەرىجىلىك ئاشلىق، پاختا، شېكەر، نېفىت ۋە كۆمۈر بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىققىلى بولىدىكەن.

## تارىم دەرياسىنى تۈزەشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

جۇجياڭ، چاڭجياڭ، خۇاڭخې، خۇەيخې، لياۋخې، سۇڭخۇاجياڭ دەريالىرى ئېلىمىزنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئانا دەرياسى ھېسابلىنىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، نوپۇسى زىچ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى يۇقىرىراق بولغان چوڭ دەريا ۋادىلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى كېلىپ چىقتى: خۇاڭخې دەرياسى سېرىق رەڭگە كىرىپ قالدى، چاڭجياڭ دەرياسىمۇ سېرىق رەڭگە كىرىپ قالدى، جۇجياڭ دەرياسىمۇ، سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىمۇ جىددىي ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، خۇەيخې دەرياسىدىن سۈز ئىچىشقا تىل بارمايدۇ. داۋاملىق تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى 7 دەريا دۆلەتنىڭ چوڭ دەريالارنى تۈزەش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، كىشىلەر گويا نەچچە ـ نەچچىلىگەن «سېرىق دەريا»لارنىڭ يىگىدىن سۈزۈلۈش ئۈمىدىنى كۆرگەندەك بولۇشماقتا.

ئەمما، ئېچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان تارىم دەرياسى بويلىرىدا ھەم تەرەققىي قىلغان سانائەت كەم، ھەم زىچ جايلاشقان ئاھالىمۇ يوق، شۇنداق بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا ئەھمىيەت بېرىپ كېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

سۇچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى، ھازىر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇھىت بايلىقىنى ئاسراش كومىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان ياڭ جېنخۇەي ئاقساقال جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ سۇچىلىق خىزمىتىنى كۆپ يىل باشقۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، گەپنى ناھايىتى ئۇرغۇلۇق ۋە جانلىق قىلىپ: ئۇزۇن مۇددەت نەپكە ئېرىشىش ۋە ئومۇمىيلىق تۇرغۇسىدىن قارىغاندا، تارىم دەرياسى تۆۋەنكى ئېقىنىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ يامانلىشىپ كېتىش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، ـ دېدى.

ئۇ، قول بارماقلىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ پايدا ـ زىيان توغرىسىدا مۇنۇلارنى دېدى: تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تارىم دەرياسى كەڭ كۆلەمدىكى چۆل ـ قاقاسلىق بىپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىگە نەملىك يەتكۈزۈپ بېرىپ كەلگەن. تەبىئىي ئورمانلىقلار ۋە ئوت ـ چۆپلەردىن ھاسىل بولغان بوستانلىقلار سېپىلى قۇملۇقنىڭ جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى توسۇپ، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىكەن. دەريا ۋادىسىنىڭ كۆلىمى جەھەتتىن ئالغاندا، 1 مىليون 20 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كۆلەمگە ئىگە بولغان تارىم دەرياسى خۇەيخې، لياۋخې دەريالىرىدىن كۆپ دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدىكەن، ئېقىن سۇ مىقدارى جەھەتتىن قارىغاندا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتسە كېتىدىكەنكى، ئۇنىڭدىن قېلىشمايدىكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «7 چوڭ دەريا»غا «تارىم دەرياسى، يارلۇڭ زاڭبۇ دەرياسى ۋە لەنساڭجياڭ دەرياسى قوشۇلۇپ»، «10 چوڭ دەريا» دەپ ئۆزگەرتىلىشى كېرەك.

تارىم دەرياسى ۋادىسى پۈتۈن شىنجاڭ شانلىق مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى. تارىم دەرياسىنىڭ ئۇنىۋېرسال تۈزەش قەدىمىنى تېزلىتىش ئارقىلىق تارىم دەرياسى تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى يېشىل بوستانلىق كارىدورىنى ئاسراش ـــ ھازىرقى بار بولغان مەدەنىيەتنى ئاسرىغانلىق بولىدۇ.

ـــ تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى يېشىل بوستانلىقنى ئاسراش ـــ نوقۇل ھالدا ئېكولوگىيە مەسىلىسىلا بولماستىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە دۆلەت مۇداپىئەسى جەھەتتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش.

ـــ پۈتۈن يەر شارى بويىچە چۆللىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش جەريانىدا تارىم دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيە مەسىلىسى دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بېرى دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز بېرىشى بىلەن يولغا قويۇلغان «تارىم ئويمانلىقىدا سۇغىرىش ۋە مۇھىت ئاسراش بويىچە 1 ـ قەرەللىك قۇرۇلۇشى» بولسا تارىم دەرياسى ۋادىسىنى

باشقۇرۇش ئىدارىسىنى قۇرۇش ۋە دەريا ۋادىسىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشتا سۆھبەت شەرتلىرىنىڭ بىرى بولغان. شۇڭلاشقا، تارىم دەرياسىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ۋە تۈزەشتۈرۈلۈشى دۆلەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان «ئۇبراز قۇرۇلۇشى» بولۇپ قالغان.

**تاغ - دەريالىرى گۈزەل، كۆركەم بولغان غەربىي شىمال رايونى قۇرۇپ چىقايلى**

تۈپتىن ئېيتقاندا، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراش — باشقۇرۇش مەسىلىسى، شۇنداقلا سۇ بايلىقىدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش مەسىلىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئىشنى سۇ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىن باشلاپ، ئۇنىڭغا قانۇن، تەشكىلىي ئاپپارات، مەبلەغ سېلىنمىسى قاتارلىق جەھەتلەردىن كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىر نىيەتتە بولۇپ، ھەرقايسى تەرەپتىكىلەر بىردەك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندە، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن بەخت يارىتىشتىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار شۇنداق دەپ تەكلىپ بېرىشتىكى:

بىرىنچىدىن، ئاپتونوم رايون تېز ئارىدا «تارىم دەريا ۋادىسىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىپ، دەريانىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىنى ۋە تۆۋەنكى ئېقىندىكى سۇ مىقدارىنى تەقسىم قىلىش ئۈستىدە قانۇنىي بەلگىلىمىلەرنى يولغا قويۇشى كېرەك.

ئىككىنچىدىن، تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىگە ئېنىق كۈچرەك مەسئۇلىيەت، ئېنىق چوڭراق ھوقۇق بېرىپ، ئۇنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئورگان قىلىپ تىكلەپ، باشقۇرۇش دائىرىسىنى غول ئېقىندىن تارتىپ باش ئېقىنغا قەدەر كېڭەيتىپ، تۈزەش ئىشلىرىنى يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئەمەل دەرىجىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغۇۋاتقىنى شۇكى، دۇنيا بانكىسىنىڭ 2 - قەرەللىك قەرز بېرىش سۆھبىتىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى يەنە تارىم دەرياسى ۋادىسىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى كۈچەيتىش، مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىش، دەريا ۋادىسىدىن سۇ باشلاش ھەققى ئېلىشنى ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت بىر ماددىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۈچىنچىدىن، تارىم دەرياسى غول ئېقىن يولىنى تەرتىپكە سېلىش - تۈزەش قۇرۇلۇشىنى مۇمكىنقەدەر چاپسانراق يولغا قويۇش كېرەك. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئېقىندا شۇنداق بولۇشى كېرەك. ياز مەزگىلى كەلكۈن كەلگەندە نۇرغۇن سۇ بايلىقىنىڭ ئېتىز - زىرائەتلەرنى لەيلىتىپ سۇغىرىشتا ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۆۋەنكى ئېقىننىڭ سۇ مىقدارىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئوتتۇرا ئېقىننىڭ تۇپراقلىرىنىڭ شورلىشىپ كېتىش ئەھۋالىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، دەريا ياقىلىرىدا ياسالغان داملار ۋە دەريا قېشىنى ھەرقانداق كىشى خالىغانچە بۇزۇۋېتىمەسلىكى ۋە سۇ تارتىش ماشىنىسى ئورنىتىپ سۇ چىقىرىۋالماسلىقى كېرەك.

دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى، ئوتتۇرا ئېقىنى ۋە تۆۋەنكى ئېقىنىدا سۇنى تېجەش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، سۇنى تېجەيدىغان دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوتۇن تېجەيدىغان ئوچاق ۋە پاتقاق گازى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنى زور كۈچ بىلەن ئېچىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قۇملۇق، بوستانلىق، تاغلىق رايون ۋە ئۆتكۈنچى بەلۋاغلارنى بىر سىستېما دەپ قاراپ، ئەھمىيەت ئورمانلىقى، يىقىلغۇ ئورمانلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەليە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، چۆللۈكتىكى ئۆتكۈنچى بەلۋاغنى ئاسراش ئىشىنىمۇ نۇقتىلىق ھالدا ئۆيلىنىش كېرەك.

ياڭ جېنخۇەي ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق بىر تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى: تارىم دەرياسى ۋادىسىدا گىرەلەشمە ھالەتتىكى چوڭ بىر تورسىمان كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، زەرەپشان دەرياسى، خوتەن دەرياسى، نىيە دەرياسى، قۇملۇق تاشيولى، تارىم دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى «218 - نومۇرلۇق دۆلەت يولى» ۋە تارىم دەرياسى، جەنۇبىي شىنجاڭ بوستانلىقى بويلىرىدا يېشىل بوستانلىق تۇسمىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە كېڭەيتىپ، قۇملۇقلارنى بۆلۈپ تاشلاپ، باش شۇجى جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان «يەنە بىر گۈزەل - كۆركەم غەربىي شىمال رايونى بەرپا قىلىش» ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش بىلەن، شىنجاڭنى 21 - ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ ھەقىقىي ئىستراتېگىيىلىك مۇھىم جايىغا ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: بىزگە ئەۋەتكەن ئەسەرىڭىزنىڭ ئىملاسى توغرا بولسۇن ۋە قۇر ئارىلىقى كەڭرەك قالدۇرۇلسۇن.

# جۇڭگونىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى

جۇڭ تىڭشىۋلى، چېن دەن

## مە | مىلىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى سىياسىتى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي كاپالىتى

تىل ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى، مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم توشۇغۇچىسى، مىللىي مەدەنىيەت مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ۋە مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆز مىللىي تىلىغا ناھايىتى چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان، ئۆز تىل - يېزىقىغا بولغان ھۆرمەت ياكى كەمسىتىشنى كۆپ ھاللاردا ئۆز مىللىتىگە بولغان ھۆرمەت ياكى كەمسىتىش دەپ قارايدۇ؛ تىل - يېزىقنى قوللىنىش ھوقۇقىدىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇشنى، مىللىي باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكىلا ئىگە بولۇپلا قالماي، پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكىمۇ ۋە سىياسىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئالغا بېسىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مانا مۇشۇنداق تونۇشقا ئاساسەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئىزچىل تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدىلا يولداش ماۋزېدۇڭ: «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت،دىن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنى خەنزۇ تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىشكە زورلىمايلا قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تىل-يېزىقىنى ئىشلىتىدىغان مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكەنىدى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا: «مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىگە ئىگە» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئائىت بىر يۈرۈش سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللەتلەر تىل-يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى كونكرېت قانۇنىي ۋە سىياسىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 21 - ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا، شۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يېزىقنى ئىشلىتىدۇ؛ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر نەچچە خىل تىل-يېزىقنى تەڭ ئىشلىتىدىغان ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويغان مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئاساس قىلسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 36 - ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ مائارىپ فاڭجېنىغا ۋە قانۇندىكى بەلگىلىملەرگە ئاساسەن، ئۆز جايىنىڭ مائارىپ پىلانىنى، ھەر خىل ۋە ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى، ئوقۇتۇش تۈزۈمىنى، مەكتەپ باشقۇرۇش شەكلىنى، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى، ئوقۇتۇشتا قوللىنىدىغان تىلنى ۋە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش چارىسىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ 47 - ماددىسىدا: «مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ خەلق سوت مەھكىمىلىرى ۋە خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتا، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىلنى قوللىنىشى كېرەك. ھەر مىللەت پۇقرالىرىنىڭ دەۋا ئىشلىرىدا ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقنى بىلمەيدىغان دەۋا ئىشتىراكچىلىرىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بېرىشى كېرەك. قانۇن ھۆججەتلىرىنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ، شۇ جايدا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل يېزىق بىلەن يېزىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق سوت



ئىزگۈلتلەك: شىخو پارتىيە مەكتىپىدىكى پەخىردىن رەخمەتۇللا، ژۇرنىلىمىزغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە تەشەككۈر.

مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىللىي قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، مائارىپ قانۇنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاھالە سالاھىيەت كىنىشكىسى توغرىسىدىكى نىزامى، مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ سايلام قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىللىي قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەر بار.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىز يەنە بىر قاتار سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلدى. 1991 - يىلى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلىپ تارقاتقان (گ [1991] ) 32 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى: «پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللەتلەر تىل -يېزىق سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش؛ مىللەتلەر تىل- يېزىقىغا ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ ماركسىزملىق مىللىي تىل - يېزىق نەزەرىيىسى ۋە سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىش؛ مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈش ۋە ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى تەرجىمە، نەشرىياتچىلىق، مائارىپ، ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزىيە، قەدىمىي ئەسەرلەرنى رەتلەش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئائىت ئىلمىي تەتقىقات، ھەمكارلىق- ئالماشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش؛ ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇش».

دۆلەتنىڭ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار قانۇن ۋە سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى ئۆز جايىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ مۇناسىپ قانۇن - قائىدە ۋە سىياسەتلەرنىمۇ تۈزۈپ چىقتى. مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تەكشىسىز ۋە ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارىمۇ كۆپ خىللىق، كۆپ قاتلاملىق ئالاھىدىلىك كۆرسىتىپ چىققان. بۇ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن. بۇ ئەھۋاللارغا قارىتا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت: «ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش» پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا ئوخشاش بولمىغان رايون، ئوخشاش بولمىغان مىللەت، ئوخشاش بولمىغان تىپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارغا قارىتا ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا، مىللەتلەرنىڭ كۆڭلىنىشكە پايدىلىق بولغان، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى ئۆگىنىش، قوللىنىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى ۋە يولغا قويدى.

## مىللەتلەر تىل - يېزىق سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرى

تارىختا ئۆتكەن ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلار ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىنى كەمسىتىش سىياسىتىنى قوللانغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ تىل - يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت دەرھال زور مىقداردا ئادەم كۈچى، مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى؛ مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى؛ زور بىر تۈركۈم مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى خادىملىرىنى يېتىشتۈردى؛ جۇڭگو تىل - يېزىق خىزمىتى تىل - يېزىق تەتقىقات سىستېمىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى ۋە ئۇنى قۇرۇپ چىقتى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشى، يېزىق ئۆزگەرتىشىگە ياردەم بەردى؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىقىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە قوللىنىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدە مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، شۇ چاغدىكى مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەنلەر

ETHNIC UNITY

ئاكادېمىيىسى 700 دىن كۆپرەك كىشىدىن تەشكىل قىلىنغان خىزمەت ئەترىتىنى مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىق ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئەۋەتكەنىدى. 1959 - يىلىغا كەلگەندە، 42 مىللەتنىڭ تىل ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ بولۇپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ تارىخىي، قوللىنىلىش ئەھۋالى، تىل مۇناسىۋەتلىرى شۇنىڭدەك ئانتروپولوگىيىلىك ئارقا كۆرۈنۈشلەرگە مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار توپلاندى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىل تاۋۇشلىرى، گىراماتىكىسى، سۆزلۈكلىرىگە ئائىت ماتېرىياللار تەپسىلىي خاتىرىلەندى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر مەملىكىتىمىزدىكى تىللارنى ئايرىش، مىللەتلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى ۋە يېزىق ئىجاد قىلىش، يېزىق ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تېخنىكا تەييارلىقىنى ھازىرلىدى.

يېزىق ئىجاد قىلىش، يېزىق ئۆزگەرتىش يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىدە ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زور مەسىلە ۋە مىللەتلەر خىزمىتىدىكى چوڭ ئىش بولدى. 1951 - يىلى، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى: «يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشىغا، يېزىقى مۇكەممەل بولمىغان مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى قەدەممۇ قەدەم تولۇقلىشىغا ياردەم بېرىش» دېگەن يوليورۇقنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يوليورۇققا بىنائەن، 50 - يىللاردىن باشلاپ، دۆلەت ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ جۇاڭزۇ، بۇيى، مياۋزۇ ( 4خىل)، يىزۇ، لىزۇ، ناشى، لىسۇ، خانى (2 خىل)، دۇڭزۇ، ۋازۇ، جىڭپو، تۇزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ 16 خىل لاتىن ھەرپى ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغان يېزىقىنى ئىجاد قىلىشىغا ياردەم بەردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىق ئىجاد قىلىشى ۋە يېزىق ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىش ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردە راۋاجلىنىشىدا ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى زور مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇنىڭدا يەكۈنلەشكە تېگىشلىك تەجرىبە- ساۋاقلار بار بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، يېڭى ئىجاد قىلىنغان ۋە ئۆزگەرتىلگەن مىللىي يېزىقلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

مىللەتلەر تىل - يېزىق تەتقىقات خىزمىتى 50 - يىللاردىكى مىللەتلەر تىل - يېزىقىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ھەمدە ئۇنى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا باشتىن- ئاخىر تەدبىقلاشقا ئەگىشىپ، مىللەتلەر تىل -يېزىق خىزمىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس ھازىرلاپ بەردى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر تىل -يېزىق تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تىل قۇرۇلمىلىرىنى تەسۋىرلەش ۋە تۈرلەرگە ئايرىشقا قويۇلدى. بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلار ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولدى. مول نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەزكىرە قامۇسى بۇ نەتىجىلەرنىڭ تىمسالىدۇر. مەزكۇر قامۇس 1978 - يىلى تۈزۈلۈشكە باشلىنىپ، دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى تىل ساھەسىدىكى نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر قەلەم تەۋرەتكەن، ھەرقايسى تىللارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قوللىنىش ئەھۋالى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، ناھايىتى يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە. 70 - يىللاردىن باشلاپ، ئالىملار يەنە يېڭىدىن بايقالغان بىر مۇنچە تىللارنى داۋاملىق تونۇشتۇرۇپ كەلدى. نۆۋەتتە، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ژۇرناللاردا تونۇشتۇرۇلغان تىللار 100 خىلدىن ئاشتى. مۇشۇ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى ئاساسىدا مۇتەخەسسىسلەر نۇرغۇنلىغان لۇغەت ۋە دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ، زور ھەجىمدىكى ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى تەرجىمە قىلىپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى.

مىللەتلەر تىل - يېزىق ئاپپاراتلىرى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلدى ۋە مۇكەممەللەشتى. ئىختىساسلىق خادىملار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى ۋە تەرەققىي قىلدى. يېڭى جۇڭگو دەسلەپ قۇرۇلغاندىلا، دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ كومىتېتى مەخسۇس مىللەتلەر تىل- يېزىق تەتقىقاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى تەسىس قىلىپ، مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇنى تەشكىللىدى. كېيىن مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگە دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاساسلىق

مەسئۇل بولدى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مەخسۇس مىللەتلەر تىل - يېزىق ئىشخانىسى تەسىس قىلدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا، يەرلىك مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىگىمۇ شۇ يەردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاساسلىق مەسئۇل بولىدىغان بولدى. ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، گۇاڭشى، يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە - ئاپتونوم رايونلاردا مەخسۇس تىل - يېزىق خىزمىتى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ، شۇ يەردىكى مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنى كونكرېت تەشكىللىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى، كېيىن بۇ ئاپپارات جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنىغا قوشۇۋېتىلدى. ھەرقايسى جايلاردا مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى ۋە مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرى قۇرۇلدى، بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتلاردىمۇ مىللەتلەر تىل- يېزىق تەتقىقات خىزمىتى ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. مەركەز ۋە ئالاقىدار يەرلىك ئورۇنلار مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى گېزىتخانا، ژۇرنال نەشرىياتلىرى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىدىكى رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى (ياكى رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئىچىدە مىللىي تىلدىكى گۇرۇپپىلار تەسىس قىلىنغان) قۇرۇلدى، تەرجىمە ئورگانلىرى، كىنو - تېلېۋىزىيە تەرجىمە ئورگانلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل- يېزىقىدا كىتاب نەشر قىلالايدىغان نەشرىياتلار قۇرۇلدى. مىللەتلەر تىل - يېزىق ئىلمىي جەمئىيەتلىرى تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى نوپۇزغا ئىگە بولغىنى 1970 - يىلى قۇرۇلغان جۇڭگو مىللەتلەر تىل ئىلمىي جەمئىيىتى بولدى. نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى مىللىي ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئوتتۇرا - ئالىي مەكتەپلەر مىللەتلەر تىل - يېزىق ساھەسىدە زور بىر تۈركۈم كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈردى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 50 - يىللاردا قۇرۇلغاندىن بۇيان، 20 نەچچە تىل كەسپىنى تەسىس قىلىپ تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكوم، تولۇق كۇرس، ماگىستىر، دوكتور، دوكتور ئاشتى قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان قاتلاملاردىكى ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈردى. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە ناھايىتى قۇدرەتلىك بولغان مىللەتلەر تىل - يېزىق كەسپىي قوشۇنى بار بولۇپ، كۆلىمى چوڭ، تارقىلىشى كەڭ، كەسپلەرمۇ بىر قەدەر تولۇق، تەتقىقات، ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، ئىجادىيەت، تەرجىمە تەھرىرلىك، ئۆچۈرلارنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەر بار، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە شۆھرەت قازانغان ئالىملار بار، يېڭى ھاياتىي كۈچلەرمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ يېتىلمەكتە.

مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە قوللىنىلىشى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. مائارىپ ساھەسىدە، ئەنئەنىۋى مىللىي يېزىقى بار بولغان موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي تىل - يېزىق ئوقۇتۇشىدا باشلانغۇچ مائارىپتىن ئالىي مائارىپقىچە بولغان ئوقۇتۇش سىستېمىسى شەكىللەندى، ئۆز يېزىقى بار باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ شەكلى كۆپ خىل بولغان قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى، قوش تىللىق ئوقۇتۇش ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ مۇھىم ئوقۇتۇش شەكلىگە ئايلاندى. مەمۇرىي ۋە ئەدلىيە ساھەسىدە مىللىي تىل - يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەملىكەتلىك پارتىيە ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى يىغىنى قاتارلىق مۇھىم يىغىنلاردا، دۆلەت موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەنزۇ، جۇاڭزۇ، يىزۇ قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرنى تەييارلىدى ھەمدە يىغىن ۋەكىللىرىگە ئەگەشمە تەرجىمە قىلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى تۈرلۈك چوڭ يىغىن ۋە پائالىيەتلەردە ئومۇمەن شۇ يەردە قوللىنىلىدىغان بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل تىل - يېزىق قوللىنىلدى. مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو، كىنو - تېلېۋىزىيە ۋە ئاممىۋى سورۇنلاردا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوللىنىلدى.

قىسقىسى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان، مىللەتلەر تىل - يېزىقىنىڭ ئەمەلىيىتى، مىللەتلەر تىل - يېزىقى قوللىنىلغان كەڭ ساھەلەرنى تولۇق كۆرسىتىپ بەردى. مىللەتلەر تىل - يېزىقى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ «ئىككى مەدەنىيلىك» قۇرۇلۇشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى، ئورتاق ئالغا بېسىش جەريانىدا باشقىلار ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ.

(خەمىت نېغمەت تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

لىزگۇلتىلەك: غۇلجا ناھىيىسىدىكى مۇھەممەتجان راشىدىن، تەھرىرلەر ۋە كوقۇرمەنلەر سىزنىڭ جاۋشقۇن شېئىرلىرىڭىزغا تەشنا.



# مەھمۇت يۇرتىنىڭ پەخىرلىك ئوغلى

— ياش فىزىكا ئالىمى، دوكتور كۇرەش ئىبراھىم توغرىسىدا

تۇردى مەتنىياز

— ئانا، — دېدى كۇرەش سىرتتىن ھويلىغا كىرىپلا قەلبىدىكى ھاياجىنىنى باسالماي، — ئەجرىم بىكارغا كەتمەپتۇ. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئىشىم ھەل بوپتۇ. بېلگىيىگە بارىدىغان بولدۇم...

ـ نېمە دەۋاتىسەن ئوغلۇم؟! داداڭ ئۇزۇندىن بۇيان كېسەل كارىۋىتىدىن چۈشەلمەي ياتىدۇ. شۇنچە يىل ئوقۇغىنىڭ يەتمەمدۇ تېخى؟ـ دېدى ئانىسى ۋايساپ، — داداڭنىڭ كېسىلى بىلەن كارىڭ بولماي چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيمەن دېسەڭ قانداق بولار جېنىم بالام، ئەل يۇرت نېمە دەر؟!

كۇرەش ئانىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ دەسلەپ سەل ئارىسالدى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ قەلبىدىكى بىلىمگە بولغان ئوتلۇق ئىنتىلىش، شىجائەت ئۇنى بۇ خىل ئارىسالدىلىقتىن تارتىپ چىقتى.

— ئانا، — دېدى كۇرەش، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە تولغان كۆزلىرىنى ئانىسىغا تىكىپ، — توغرا، بۇ ئىشلارنى دېسەم كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. دادامنىڭ كېسىلىمۇ ياخشى بولۇپ كېتەر. ئۇ ھەر دائىم ماڭا «ياخشى ئوقۇپ خەلققە يارامل ىق ئادەم بول» دەپ تاپىلايتتى. پۇرسەت ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. جېنىم ئانا، ماڭا ئىجازەت بېرىڭلار. چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ سىلەرنىڭ ئۈمىدىڭلارنى ئاقلايمەن، ۋەتىنىمگە، خەلقىمگە، مىللىتىمگە چوقۇم شان ـ شەرەپ كەلتۈرىمەن...

قايسىبىر ئانا ئۆز پەرزەنتىگە بەخت، ياخشى تىلەكلەرنى تىلىمەيدۇ دەيسىز. ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىپ، قانارغا قوشۇپ ئالىي مەلۇماتلىق قىلىپ يېتىشتۈرگەن جاپاكەش ئانا ئاخىرى ئوغلىنىڭ بىلىم ئېلىش يولىدا مۇرادىنىڭ ھاسىل بولۇشىنى تىلەپ رازىلىق بىلدۈردى. ئائىلىدىكىلەر ئۇيغۇر ئانا ۋە ئايالى گۈلزار بولدىسىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇش ئارزۇسىنى قىزغىن قوللاپ، ئائىلە يۈكىنى زىممىسىگە ئېلىشقا قوشۇلدى.

كۇرەش ئىبراھىم 1989 ـ يىلى كېسەلچان دادىسى، مېھرىبان ئانىسى ۋە ئايالى، ئوماق پەرزەنتى بىلەن خوشلىشىپ، ئانا يۇرتىنىڭ، خەلقىنىڭ قۇتلۇق تىلەكلىرىنى ئېلىپ، ئىلىم ـ پەن ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بېيجىڭغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بېيجىڭدا ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتكەندىن كېيىن ياۋروپاغا بېرىشى كېرەك ئىدى...

× × ×

1956 ـ يىلى، ئەزىزانە قەشقەر دىيارىدا بىر مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان كۇرەش ئوقۇش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۇيغۇرچە مەكتەپكە، كېيىن خەنزۇچە مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمەي ئوقۇدى. كىچىكىدىنلا ئىلىمگە تەشنا، كىتابخۇمار بۇ بالىنىڭ زېرەك، تىرىشچانلىقىنى كۆرگەن ئوقۇتقۇچىلىرى، ساۋاقداشلىرى قايىل بولغان ھالدا «كۇرەش چوڭ بولغاندا چوقۇم ئىختىساسلىق ئادەم بولىدۇ» دېيىشەتتى. كۇرەشنىڭ كۆڭلىدىمۇ نى ـ نى ئۇلۇغ ئارمانلىرى بار ئىدى، بىراق،

ETHNIC UNITY

«بوداق- بوداقتا كەلمەيتۇ» دېگەندەك، پەلەكنىڭ بىر مەھەل تەتۈر ئايلىنىشى جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، ئىلىم- مەرىپەت گۈللىرىنى نابۇت قىلىۋەتتى. كۈرمىشنىڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ، «قايتا تەربىيە ئېلىش» سېپىگە قوشۇلۇپ يېزىغا بېرىشقا توغرا كەلدى. ئۇ گەرچە يېزا تۇرمۇشىنى ئۆگىنىپ، «قايتا تەربىيە» ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولسىمۇ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىش ئىشتىياقى يالقۇنجاپ تۇراتتى. باشقىلار ئويۇن - تاماشا بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقتىنىڭ مىنۇت - سېكۇنتىنىمۇ ئالتۇندەك قەدىرلەپ چىڭ تۇتۇپ خەنزۇچە ئۆگىنىشكە سەرپ قىلاتتى، تىنىم تاپماي كىتاب ئوقۇيتتى.

بىر مەزگىل «قايتا تەربىيە» ئالغاندىن كېيىن، زىيالىي ياشلاردىن بىر قىسمى خىزمەت ئېھتىياجى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى يېزىدىن ئايرىلىشقا باشلىدى. كۈرمىشنىڭ خەنزۇچە سەۋىيىسى باشقا بالىلاردىن خېلىلا يۇقىرى ئىدى. شۇڭا ئالاقىدار ئورۇنلار ئۇنى تەرجىمانلىق خىزمىتىنى ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. ئەمما كۈرمىش ئىبراھىم بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىدى.

— مېنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشىم، ۋاقىتلىق خىزمەت تېپىپ كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — مېنىڭ مەقسىتىم يەنىمۇ كۆپرەك بىلىم ئېگىلەپ، كەلگۈسىدە خەلققە يارىغۇدەك ئادەم بولۇش.

«ياخشى ئارزۇ — يېرىم دۆلەت» دېگەن بىكار گەپ ئەمەس ئىكەن. 1978 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئالىي مەكتەپلەرگە بىر تۇتاش ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش باشلاندى. كۈرمىش ئىبراھىم پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسى ئىشقا ئېشىپ، شۇ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا سىغماي، بىر نەچچە كۈنگىچە تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىدى. ئاتا- ئانىسى كۈرمىشنى مۇبارەكلەپ، بېيجىڭدا ئوقۇپ كېلىشكە ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ھالەتتە ئۇزىتىپ قويدى.

كۈرمىش بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا 4 يىل خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە ئوقۇدى. ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ نەتىجىسى خېلىلا ئۈستۈن بولسىمۇ، خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، يەنىلا ئادەتتىكىچە ھېسابلىناتتى.

كۈرمىش ئالىي مەكتەپ قوينىغا كىرگەن كۈنىدىن تارتىپلا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، خەنزۇ ساۋاقداشلىرىدىن ئېشىپ چۈشۈشكە، ئۇلارنىڭ ھەرگىز كەينىدە قالماسلىققا بەل باغلىدى. ئۇنىڭدا ئەنە شۇنداق ئىرادە، غەيرەت - شىجائەت كۈچلۈك ئىدى. بىلىم — زېرىكمەي- تېرىكمەي ئۆگىنىش، تىرىشىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. كۈرمىش 1 يىل جاپالىق تىرىشىش نەتىجىسىدە ئاساسىي پەنلەردە پۇختا ئاساس سېلىپ، دەرستە سىنىپتىكى ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ، بۇنىڭ بىلەن ھەرگىز قانائەتلىنىپ قالمىدى. ھېيت- بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىنى ئويۇن - تاماشا، سەيلى - ساياھەتكە ئەمەس، بەلكى ئىنگلىز تىلى، ياپون تىلى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، ئەتراپلىق بىلىم ئىگىلەشكە جان دىلىدىن بېرىلدى. 4 يىل ۋاقىت ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى. كۈرمىش ئىبراھىمغا نىسبەتەن بۇ يىللار تولىمۇ مەنىلىك ئۆتتى. 1982 - يىلى ئۇ بېيجىڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى — قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

كۈرمىش ئىبراھىم قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا خىزمەت قىلىش داۋامىدا ئۆز كەسپىنى قەدىرلەپ، ياشلىق باھارىنى ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىبارەت بۇ شەرەپلىك ئىشقا ئاتىدى. بىر تەرەپتىن ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ دەرس ئۆتتى، خىمىيە ئوقۇتۇشىدا مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىك پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ قىسلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنداق ماتېرىياللارغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، پايدىلىنىش ماتېرىيالى تۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇنىڭ باش قاتۇرۇپ ئىشلىشى نەتىجىسىدە «بىئو- خىمىيە تەجرىبىسى ۋە خىمىيە ئوقۇتۇش دەرسلىكى» ناملىق نەچچە يۈز مىڭ خەتلىك كىتاب ئوقۇغۇچىلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، بىئو - خىمىيە ئوقۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پايدىلىق رول ئوينىدى. 1985 - يىلى كۈرمىش يەنە بېيجىڭغا بېرىپ بىر قېتىم بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدى. خىزمەتتىكى تىرىشچانلىق، بىلىم جەھەتتىكى ئىزدىنىش روھى بۇ ئىجتىھاتلىق ياش ئوقۇتقۇچىنى تېزلا پۈتۈن مەكتەپكە تونۇتتى. ئۇ 1987 - يىلى بۇ مەكتەپتىكى ياش مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە لېكتورلۇق كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولدى.

«ئادەم ئۆگەنگەنسېرى ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ھېس

قىلـــدۇ» دېگەنىدى، فرانسىيىلىك ماتېماتىكا ئالىمى سېكار. كۇرمش ئىبراھىم ئىزدەنگۈچىگە خاس بىر خىل روھ ۋە شىجائەت بىلەن پارلاق نىشانغا تەلپۈنەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىلىم ـ پەننىڭ يۇقىرى چوققىلىرىغا چىقىش غايىسى جۇش ئۇرۇپ تۇراتتــى. شۇڭا ئۇ ھازىرقى ھالەتكە زادىلا قانائەت ھاسىل قىلمايتتى. ئۇنىڭ 1987ـ يىلى دۆلەتلىك مائارىپ كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ياشلاردىن ئېلىنىدىغان چەت ئەل تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئىمتىھانىغا قاتنىشىش پۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنگلىز تىلى ئىمتىھانىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈپ، بېلگىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىغا قوبۇل قىلىنغانلىقى ھەرگىز ئاساسسىز ئىش ئەمەس ئىدى.

بېلگىيىگە بېرىپ ئوقۇش ئۈچۈن ئىنگلىز تىلىنى بىلگەندىن باشقا فرانسۇزچىنىمۇ بىلىش زۆرۈر ئىدى. كۇرمش بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن، پايتەخت چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىدا فرانسۇز تىلى ئۆگەندى. ئۇ فرانسۇزچىدا ئاساس سېلىۋالغاندىن كېيىن، ياۋروپادىكى بۇ قەدىمكى دۆلەتكە بېرىپ، لېيژ ئۇنىۋېرسىتېتىغا تۇنجى بولۇپ قوبۇل قىلىنغان جۇڭگولۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچى بولۇپ قالدى. ئۇ بېلگىيىگە بارغاندىن كېيىن، تۇرمۇشتا تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى: بىر يىللا ئۆگەنگەن فرانسۇزچە سەۋىيىسى بىلەن دەسلەپ ئۆتۈلگەن بەزى دەرسلەرنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىدى؛ چەت ئەلنىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كېتىشىمۇ خېلى مۈشكۈلگە توختىدى. ئىرادە ـــ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى. ئىرادىلىك كىشىلا ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە قادىر بولالايدۇ. قەتئىي ئىرادە، قەيسەر شىجائەت بولسىلا، دۇنيادا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق ـ دە. كۇرمش ئىبراھىم قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى جەزمەن يېڭىش ئىرادىسىنى چىڭىتتى. ھەر بىر ئىشتا تەمكىن، چىداملىق بولدى. بارا ـ بارا قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇنىڭغا باش ئېگىشكە، ئۇنىڭ ئىلگىرىلىشكە يول بېرىشكە باشلىدى. ئۇ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، كەسپىي دەرسلەردە باشقىلارغا تېزلا يېتىشىۋالدى. خىمىيە، فىزىكا تەتقىقاتىغا دائىر بەزىبىر قىيىن نۇقتىلارنى چۈشىنىپ، مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئىقتىدارنى يېتىلدۈردى. بىر يىللىق بىلىم ئېلىش جەريانىدا ئۇ، بەزى تەجرىبە ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىپ، بېلگىيىلىك ئالىملار بىلەن تەتقىقاتقا ياندىشىپ ئىزدىنىش نەتىجىسىدە، ئىنگلىز تىلىدا ماقالە يېزىپ، ئامېرىكىدا چىقىدىغان «خىمىيە ـ فىزىكا ژۇرنىلى» دېگەن خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، بېلگىيە ۋە چەت ئەلدىكى بەزى فىزىكا ئالىملىرى جۇڭگو شىنجاڭلىق بۇ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىدا يېنىپ تۇرغان بىر خىل تالانت ئۇچقۇنىنى تېزلا بايقاپ، ئۇنىنى داۋاملىق تىرىشىش ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈردى. بېلگىيىلىك ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر ئۇنى قوبۇل قىلىپ: «كۇرمش ئەپەندى، بېلگىيىگە كەلگەندىن كېيىن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىڭىز، تەتقىقات جەھەتتىكى نەتىجىڭىز سىزدىن ئۈمىد بارلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بىلىم ئاشۇرۇش ۋاقتىڭىز توشقاندىن كېيىن، بېلگىيىدە داۋاملىق قېلىپ، دوكتورلۇقتا ئوقۇشنى خالامسىز؟» دېيىشتى.

«شۇنداق پۇرسەتنىڭ بولۇشىدىن ئىنتايىن خۇشالمەن» دەپ جاۋاب بەردى كۇرمش ئۇستازلىرىغا.

كۇرمش ئېلىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن تەييارلىقنى پۇختىلاپ دوكتورلۇق ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، باھالىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى.

يول ئېچىلدى، ئەمدى گەپ ئۇنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇشتا ئىدى. كۇرمش دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش يولىدىكى جاپالىق، جىددىي سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىق شىجائىتى، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىستېداتى بىلەن ئۆتكۈر پەنلەر تەتقىقاتى ساھەسىدىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئېلىپ، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىشىشكە جۈرئەت كەمىرىنى باغلىدى.

ئۇ بېلگىيىنىڭ لېيژ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش جەريانىدا ئاتوم فىزىكىسىغا دائىر دەرسلەرنى قەيسەرلىك بىلەن بېرىلىپ ئۆگەندى؛ ئاتوم مولېكۇلىسىنىڭ قوزغىتىلغان ھالىتىنىڭ كىچىكلىتىلىش ۋە يۇقىرى ۋالېنتلىق ئىئونلاشقان مولېكۇلىنىڭ ئىئونلىشىش قۇرۇلمىسى ئۈستىدە ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئۇنىڭ تەتقىقاتتا قوللانغان تەجرىبە ئۇسۇلى 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتچانلىقى خېلى كۈچلۈك، ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن تېخنىكىسىدا مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. شۇڭا، كۇرمش دادىللىق بىلەن بۇ «سىرلىق قۇلۇپ»نى ئېچىشقا ئىنتىلگەنىدى. قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش، زېرىكمەي ئۆگىنىش، تەكرار تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش نەتىجىسىدە، كۇرمشنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، نەزەر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ،

ئەلب چېرىقى: ياخشىلىق بىلەن نام قالدۇرۇشنىڭ ئۆزى مۇكاپاتتۇر. ـــ ئەلشىر ناۋائى

ئىزدىنىشى چوڭقۇرلىشىپ باردى، تەجرىبە ئىشلەش ئىقتىدارى ئۆستى. ئۇ مول بىلىم ۋە تەجرىبە ئاساسىدا «VUX ئارقىلىق يۇمشاق x نۇرنى سۈمۈرگەندىن كېيىن، يەككە كۆپ ئاتوملۇق مولېكۇلىدىن بۆلۈنگەن پارچىلار»، «يەككە فوتوننىڭ $CF_6$ ، CO گازىدىكى كۆپ خىل فوتوئىئونلىشىش ۋە $C_2H_4ByI$ - 1.2 غا يۈتكىلىشى»، «ئالتە فتورلۇق بىنزولنىڭ eV 20- 30 ئېنېرگىيە دائىرىسىدىكى فوتوننى سۈمۈرگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن پارچىلار»، «ئىچكى قەۋەت ئېلېكترونىنىڭ قوزغىلىش تەسىرىدە ھاسىل بولغان ئالتە فتورلۇق بىنزولنىڭ فوتو خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى» قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى تەييارلاپ، ئۇنى ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىدا نەشر قىلىنىدىغان خەلقئارالىق پەن - تېخنىكا ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلدۇردى. بېلگىيە ۋە ئىسپانىيىدە چاقىرىلغان خەلقئارالىق فىزىكا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ، دۇنيا ئىلىم مۇنبىرىدە لېكسىيە سۆزلىدى. ئۇنىڭ ئىزدىنىش يولىدىكى جاپالىق ئەجىر مېۋىسى جاھان ئالىملىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى، ئۇلار كۇرمىش ئىبراھىمنىڭ ئىلمىي ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقىغا يۇقىرى باھا بەردى.

1992 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، بېلگىيىنىڭ لېيژ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلىم - پەن كۇلۇبىغا بېلگىيىلىك، فرانسىيىلىك فىزىكا، خىمىيە ئالىملىرى، مۇتەخەسسىسلەر بولۇپ 100 دەك كىشى قاتناشقانىدى. جىددىي ۋە سۈرلۈك تۈس ئالغان زالدا باھالىغۇچىلار كۇرمىش ئىبراھىمنىڭ دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسىنى تىڭشىماقتا ئىدى. دىسسېرتاتسىيە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، باھالىغۇچىلاردىن بىر نەچچە ئالىم ئىنگلىز ۋە فرانسۇز تىللىرىدا خېلى مۇرەككەپ سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۇرمىش ئىبراھىمدىن جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كۇرمىش ئىبراھىم بۇ سوئاللارغا تەمكىنلىك بىلەن ئېنىق ۋە توغرا جاۋاب بېرىپ ئالقىشلاندى. ئۇنىڭغا «تەبىئىي پەنلەر دوكتورى» دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەنلىكى جاكارلانغاندا، سورۇن ئەھلى بۇ ياش ئالىمنى قىزغىن تەبرىكلەشتى. بېلگىيىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن زىيارەت قىلىپ، قازانغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بېلگىيە خەلقىگە، شۇنداقلا دۇنياغا تونۇشتۇردى.

كۇرمىش ئىبراھىم بېلگىيىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتىش ئالدىدا، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ: «كۇرمىش ئەپەندى، مۇمكىن بولغان بولسا بېلگىيىدە قالسىڭىز، ھەمكارلىشىپ بىللە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى»، — دېدى. فرانسىيىلىك، ئامېرىكىلىق ئالىملارمۇ كۇرمىش ئىبراھىمغا خەت ئەۋەتىپ، ئۇنى ئۆز دۆلەتلىرىدە ھەمكارلىشىپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىشتى. لېكىن كۇرمىش ئىبراھىم بۇ تەكلىپلەرنى چىرايلىقچە رەت قىلىپ، ئۆزىگە ئىلىم - پەندە پەرۋاز قىلىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بەرگەن، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش تالانت ئىگىلىرىگە مۇھتاج بولۇۋاتقان ئانا ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى بېيجىڭ يۇقىرى ئېنېرگىيە فىزىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە تەجرىبىخانىسى ئۇنى دوكتور ئاشتى تەتقىقات نۇقتىسىغا ئېلىپ قالدى. دۆلەتنىڭ مۇشۇنداق مۇھىم تەتقىقات ئورنىدا ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، 2 يىلغا يېقىن بېرىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، بەلگىلەنگەن تەتقىقات تۈرى بويىچە نەتىجە قازاندى ۋە بۇ ھەقتە ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ، مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئوقۇدى. ئۇ يەنە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھاۋالە قىلغان 3 - ئەۋلاد ماس قەدەملىك رادىئاتسىيە فوتو مەنبەسى تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى ئىلمىي دوكلاتنىڭ ئاتوم فىزىكىسىغا ئائىت قىسمىنى تەييارلىدى. كۇرمىش ئىبراھىم ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەت ئەلدە ئىگىلىگەن بىلىم ۋە تەجرىبىسىنى ئېلىمىزنىڭ زامانىۋى پەن - تېخنىكا ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىپ، جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكتىن، يېقىندا مەملىكەت بويىچە «جۇڭگو دوكتورلار ئىلمىي فوندى» غا ئېرىشىپ، ۋەتەنگە، خەلققە، مىللىتىمىزگە شان- شەرەپ كەلتۈردى. شانلىق نەتىجە ئۇيغۇر مىللىتىدىن يېتىلگەن ياش ئالىمنى دۇنياغا تونۇتتى. مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ ئالىملار تۇغۇلغان بۇ دىياردىن كۇرمىش ئىبراھىمدەك يېڭى ئەۋلادلارنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقى بىزنىڭ پەخرىمىز. ئۇنىڭغا شانۇ - شەۋكەتلەر يار بولغاي!

(ئاپتور: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ)



ETHNIC UNITY

قەلب چىرىغى: قانچە كۆپ تىل بىلسەڭ، شۇنچە ئۇزاق ياشايسەن. — رەسۇل ھەمزاتوۋ




# مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق ئابىدە تىكلەپ چىقىشىمىز لازىم

**ــ تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى**

**لى رېنجىنى زىيارەت**

تيەنجىن ئېلىمىزدىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەدىمىي شەھەر، نۆۋەتتە تيەنجىندە ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 220 مىڭ بولۇپ، تيەنجىن شەھىرى ئومۇمىي ئاھالىسىنىڭ % 2.3 ىنى ئىگىلەيدىكەن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدە خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 160 مىڭ بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ % 80 ىنى تەشكىل قىلىدىكەن. تيەنجىندە ئولتۇراقلاشقان مىللەتلەرنىڭ تەركىبىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، موڭغۇل، جۇاڭزۇ، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق 42 مىللەت ياشايدۇ.

تيەنجىن ــ دېڭىز بويىغا جايلاشقان زامانىۋىلاشقان ئوچۇق شەھەر بولۇپ، قاتناش ئىشلىرى قولايلىق، سانائىتى تەرەققىي قىلغان. نۆۋەتتە ئوخشاش بولمىغان ئۆرپ ـ ئادەت، ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقاد ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، تيەنجىندىن ئىبارەت بۇ چوڭ ئائىلىدە ئۈزلۈكسىز ئورتاق تەرەققىي قىلىشنى قانداق قىلغاندا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇ، تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلار كۆپ يىللاردىن بۇيان مۇھاكىمە قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلە بولۇپ كەلگەن.

پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيى روھىنىڭ ئىلھامى ۋە تۈرتكىسى بىلەن، بىز، قانداق قىلغاندا شەھەرلەردىكى تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ دېگەن بىر قاتار مەسىلىلەر توغرىسىدا تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش لى رېنجىنى زىيارەت قىلدۇق.

خۇيزۇ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان 49 ياشلىق لى رېنجى مول خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە، ناھايىتى كەمتەر رەھبەر ئىكەن. ئۇ ھازىرقى خىزمەت ئورنىغا كېلىشتىن ئىلگىرى تيەنجىن شەھىرىنىڭ خۇڭچياۋ رايونىدا 10 يىل مۇئاۋىن رايون باشلىقى بولۇپ، ئىقتىسادىي ۋە مىللىي ـ دىنىي خىزمەتكە مەسئۇل بولغانىكەن. ئۇ بىر خۇيزۇ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، ئۇنىڭ ئۇستىگە تيەنجىندە ئۆسۈپ يېتىلگەچكە مىللەتلەر خىزمىتى ئۇنىڭغا ئانچە ناتونۇش ئەمەس ئىكەن.

«مەن ئىلگىرى مىللەتلەر خىزمىتىگە قوشۇمچە مەسئۇل ئىدىم، ھازىر ئاساسىي مەسئۇل بولدۇم، ئىلگىرى بۇ ھەقتە بەزى مۇلاھىزىلەرنى ئېلىپ بارغان بولساممۇ، ئەمما سىستېمىلىق ئەمەس ئىدى، يېقىنقى بىر مەزگىلدە، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە بىر قەدەر سىستېمىلىق مۇلاھىزە ئېلىپ باردىم. بۈگۈن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنىڭ خىزمەت تەسىراتىنى سۆزلەپ، كۆپچىلىك بىلەن ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتىكى ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرەي دەيمەن».

تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا شەھەرگە

قەلب چىرىغى: ئامەتنى كۈتۈپ ئولتۇرماي، تىرىشىپ بىلىم ئىگىلەش كېرەك. ــ فىلەتمىن

بىۋاسىتە قاراشلىق 38 ئالاقىدار تارماقتىكى مەسئۇل يولداشلار كومىتېت ئەزاسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ بىر ئەۋزەللىك بولۇپ، ھەرقايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇشتا ناھايىتى پايدىلىق. شەھەرگە قاراشلىق 18 رايون، ناھىيىدە مىللەتلەر خىزمىتى ئورگانلىرى بار ئىكەن، بۇ، شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. «تيەنجىندە 220 مىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى بىلەن 9 مىليون 800 مىڭ خەنزۇ ئاھالىسى ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، باشقا دۆلەت ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىشى ۋە ئۇلارغا ھەمكارلىشىشى ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈزلىنىشى كېرەك. ئىقتىدارلىق بولغاندىلا، بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ، بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە بولغاندىلا، ئىقتىدارنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. شۇڭا مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىدە مۇلازىمەت قىلىش ئارقىلىق ئابىدە تىكلەپ چىقىشىمىز لازىم.» مۇدىر لى رېنجى «مۇلازىمەت» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتتى.

قانداق مۇلازىمەت قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە مۇدىر لى رېنجى تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ بىر نەچچە نۇقتىلىق خىزمەت ئۇسۇلىنى تونۇشتۇردى. «1997 ـ يىلىنىڭ بېشىدا بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تەشۋىق قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ‹يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى توغرىسىدىكى بايانلىرى› دېگەن كىتابنى تۈزۈپ نەشىر قىلدۇرۇپ، ھەر بىر كادىرغا بىردىن تارقىتىپ بېرىپ، ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈردۇق ۋە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلدۇق. مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنە ‹تيەنجىندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى› دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىقتى، بۇ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلىرى ۋە تيەنجىن شەھىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى قورال كىتاب بولۇپ، تيەنجىن شەھىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە ناھايىتى زور ياردىمى بار، بۇنىڭدىن باشقا ‹ئالغا بېسىۋاتقان ئاز سانلىق مىللەت يېزا ـ كەنتلىرى› دېگەن كىتاب نەشىردىن چىقتى، ‹تيەنجىن شەھىرىنىڭ مىللىي مائارىپى› دېگەن كىتاب تۈزۈلمەكتە. بۇ كىتابلار ھەم خىزمەتلەرنىڭ خۇلاسىسى، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە تايىنىشقا بولىدىغان مۇھىم قورالدۇر».

مەۋقەنى مۇلازىمەت قىلىش، ماسلاشتۇرۇش ئاساسىغا تۇرغۇزۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ــ تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولغان.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تيەنجىننىڭ «غەربتىن كىرگۈزۈپ شەرققە چىقىرىش» تىن ئىبارەت تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، ئىسلام ئەللىرى ۋە رايونلىرى، شۇنىڭدەك كورېيە، ياپونىيە، موڭغۇلىيە قاتارلىق ئەتراپتىكى قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي ئالاقىنى راۋاجلاندۇرغان. ئارقىدىراق قالغان يېزا ـ كەنتلەرگە قارىتا، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات يوللىرىنى ئېچىپ، كۆز قاراشنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە تۈرلەرنى كىرگۈزۈشكە ياردەم بەرگەن.

مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشقا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن ۋە بۇ خىزمەتنى قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتقان، باھار بايرىمى مەزگىلىدىكى بازارنى تەمىنلەش ئەھۋالىغا ئاساسەن، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىر تۈركۈم كارخانىلار بىلەن مەخسۇس ساھەلەر بىرلىشىپ، بازارغا بولغان نازارەتچىلىكنى ياخشى يولغا قويۇشتا ۋۇجۇدقا كەلگەن تېپلارنى تۇرغۇزۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە تەقدىرلەپ، بۇ خىزمەتنى قەدەممۇ قەدەم قېلىپلاشتۇرۇشقا قاراپ يۈزلەندۈرگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش، تىجارەت ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر كەسپىنىڭ بازار رىقابىتىدە تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىدەك ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلاپ قېلىشقا تۈرتكە بولغان، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىر قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە ناھايىتى چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن تيەنجىنگە كېلىپ

تىجارەت قىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋېتىپتۇ. سىرت جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تيەنجىنگە كېلىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا بولغان باشقۇرۇشنى ئىزغا سېلىش، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇپ، يوشۇرۇن ئاپەتلەرنى تۈگىتىشتە ئىنتايىن زۆرۈر. سىرت جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تيەنجىنگە كېلىپ تىجارەت قىلىشىغا بولغان يېتەكچىلىكنى ۋە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، شەھەرلىك سودا كومىتېتى، ج خ ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە شەھەرلىك تېببىي ـ دورىگەرلىك كەسپىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى بىلەن بىللە تەكشۈرۈش ـ تەتقىق قىلىش ۋە كۆپ قېتىم مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدا، «باشقا ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تيەنجىنگە كېلىپ تىجارەت قىلىشىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى بىرلىكتە تارقاتقان. نۆۋەتتە، ھەر قايسى تارماقلار ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇۋېتىپتۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈۋېتىپتۇ.

ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۆۋەندىكى بىر نەچچە مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغان:

**1. مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن باشقا خىزمەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى**

مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە باشقا تارماقلار ئۇنىڭغا ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى، خىزمەتلەرنى ھەممە بىرلىكتە ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشى زۆرۈر. بۇ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. بىراق، كەم بولسا بولمايدىغان، ناھايىتى مۇھىم يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، ئۇ ــ مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پائال تەشەببۇسكار بولۇش ۋە خىزمەتلەرنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بولغان ئالاقىنى پائال كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا ماسلىشىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. مۇدىر لى رېنجى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى بەجانىدىل ئىشلىيەلىغانلا بولساق، تەگرىنىمۇ تەسىرلەندۈرەلەيمىز. بىز دېۋاتقان بۇ ‹تەگرى› قانداقتۇ باشقا بىرسى بولماستىن، ھەرقايسى ئالاقىدار دۆلەت ئىشلىرى تارماقلىرىدىكى رەھبەرلەر ۋە يولداشلاردۇر».

**2. قانۇن بويىچە باشقۇرۇش بىلەن تەربىيە بېرىپ يېتەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتى**

1994 ـ يىلى تيەنجىن «تيەنجىن شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر بازىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەن؛ بۇ بىر نەچچە يىلدا ئۇلار يەنە «تيەنجىن شەھىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى» نى تۈزۈپ چىققان، نۆۋەتتە بۇ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ۋە شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا يوللىنىپ تەستىقلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. دۆلەتنىڭ «ئىككى نىزامى» ۋە «تيەنجىن شەھىرىنىڭ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى باشقۇرۇش چارىسى» ھەمپات ئارىدا ئوتتۇرىغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان «تيەنجىن شەھىرىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى نىزامى» تيەنجىندە مىللەتلەر خىزمىتىنى قانۇن بويىچە مەمۇرىي جەھەتتىن يولغا قويۇش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولىدىكەن.

**3. شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتى**

قانداق قىلغاندا شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى خىزمىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ئاساسىي ھالقا ــ ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا تېپىۋېلىش، ئۆزىنىڭ رولىنى ياخشى تاللىۋېلىش ئىكەن. مۇدىر لى رېنجىنىڭ قارىشىچە، شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى «مۇلازىمەت قىلىش» دېگەن مۇشۇ سۆزگىلا مۇجەسسەملەشكە بولىدىكەن. شەھەرنىڭ ئىقتىدارىنى مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا جارى قىلدۇرغىلى، شەھەرلەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە مۇلازىمەت قىلىش جەريانىدا نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدىكەن؛ مۇلازىمەت جەريانىدا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرگىلى، مۇقىملىققا كاپالەتلىك قىلغىلى، تەرەققىي قىلغىلى بولىدىكەن. «مۇلازىمەت قىلىش» قۇرۇق شوئار بولۇپ قالماستىن، بەلكى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھەقىقىي ئۆلچىمى بولىدىكەن. مۇدىر لى رېنجىنىڭ ئېيتىشىچە، مۇلازىمەت ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا مۇنۇ ئىككى جەھەتتە قول سېلىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىدىكەن:

بىرىنچى، تيەنجىنگە كەلگەنلەر ئۈچۈن ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كېرەك. ھازىر تيەنجىندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنى چوڭ جەھەتتىن 4 خىل ئەھۋالغا بۆلۈشكە بولىدىكەن: بىرىنچى خىلى، ئېپەركىنچى

كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان ۋەزىپە بىلەن چېنىقىۋاتقان كادىرلار بولۇپ، ھازىرغىچە ئۈچ تۈركۈمدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، 200 گە يېقىن كادىر بار ئىكەن؛ ئىككىنچى خىلى، ئۇزۇن مەزگىل ئوقۇيدىغانلار. خۇڭگۇاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى 1985 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن باشلاپ شىزاڭ ئۈچۈن 1200 دىن ئارتۇق لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بەرگەن. نۆۋەتتە مەكتەپتە 700 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى بار ئىكەن؛ ئۈچىنچى خىلى، قىسقا مۇددەتلىك ئوقۇشقا كەلگەن شىنجاڭلىق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى، تيەنجىن توقۇمىچىلىق سانائەت ئىنستىتۇتى، تيەنجىن يېنىك سانائەت ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك نىسبەتتە بار ئىكەن. ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 400 گە يېقىن ئىكەن؛ تۆتىنچى خىلى، تىجارەت قىلىۋاتقانلاردىن ئۇيغۇر، چاۋشيەنزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن بولۇپ 3000 گە يېقىن ئادەم بار ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ۋەزىپە بىلەن چېنىقىشقا كەلگەن كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان رايون، ناھىيىلەر، بولۇپمۇ ئوقۇغۇچى، كۇرسانتلارنى تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالغان مائارىپ تارماقلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەر نۇرغۇن قان ـ تەر سىڭدۈرۈپ، بىر مۇنچە خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. خىزمەتلەرگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ مۇنداق بولغان: ئوقۇشقا كەلگەنلەرگە زۆرۈر شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش؛ تىجارەت قىلىشقا كەلگەنلەرگە مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىش؛ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىش.

ئىككىنچى، سىرتقا يۈزلىنىپ دادىللىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىش. 1979 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تيەنجىننىڭ گەنسۇغا ياردەم بېرىشىنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شىزاڭغا ياردەم بېرىشىنى بەلگىلىگەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلار سىرتقا يۈزلىنىپ ئىچكى موڭغۇل، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك ناھىيىلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تيەنجىن شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىيات ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرغان. دۆلەت ئىچىدە بۇرۇنراق تەسىس قىلىنغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر ھەققىدىكى ساۋات» دەرسى سىناق نۇقتا دائىرىسى ئەسلىدىكى 7 رايون (ناھىيە)دىن 14 رايون (ناھىيە)دىكى 2000 دىن كۆپرەك مەكتەپكە كېڭەيگەن.

مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ماسلىشىشى ۋە ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، بېيچېن رايونىنىڭ تيەنمۇ كەنتىدە تۇنجى بولۇپ ئاز سانلىق مىللەتلەر كەسپىي تېخنىكومىنى قۇرۇپ چىققان، نۆۋەتتە بۇ مەكتەپ تيەنجىننىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدىكى بىر كۆزنەككە ئايلانغان.

شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يەنە مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، تيەنجىننىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە ماس كېلىدىغان، مىللەتلەرگە ئائىت بىر يۈرۈش قانۇن ـ قائىدىلەرنى بەرپا قىلىشنى؛ مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر بازىرىنى تەرتىپكە سېلىشنى؛ مىللىي ئىقتىساد، مىللىي مائارىپ، مىللىي كەنت مەمۇرىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچ كۆزنەكنى قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مۇدىر لى رېنجى مۇنداق دېدى: «مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن قانداق مۇلازىمەت قىلىش كېرەك؟ دېگەندىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چىڭ تۇتتۇم. تيەنجىندە ئىلگىرى ئەنئەنە جەھەتتىكى ئەۋزەللىك بار ئىدى، ھازىر يېڭى شارائىتتا يېڭى مەسىلەر ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىنماقتا. مەسىلەن، ئىلگىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتىلغان بىر يۈرۈش ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بار ئىدى. ھازىرقى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا كېلىپ چىققان مەسىلىلەر خېلى گەۋدىلىك بولماقتا، مىللىي كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقى تېخىمۇ زور بولماقتا. بۇلاردىن باشقا، ھەرقايسى تارماقلار بىلەن ماسلىشىپ ئۇلارنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى ئەزالىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشمۇ مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ، بۇنىمۇ قىيىن نۇقتا دېيىشكە بولىدۇ. قىيىنچىلىق ۋە خىزىرنىڭ بولغانلىقى ــ شەھەرلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يېڭى رەھبەرلىك بەنزىمىز ئۈچۈن سىناق ھېسابلىنىدۇ».

بىز ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان سانجاق ـ سانجاق بىنالار ئارىسىدىن ئۆتۈپ، مىللىي كارخانىلارنىڭ تىپىك ئۈلگىسى بولغان تيەنمۇ يېزا ئىگىلىك سودا ـ سانائەت گۇرۇھىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئاندىن ئازادە ـ يورۇق سېلىنغان تيەنجىن مىللەتلەر كەسپىي تېخنىكوم مەكتىپىنى كۆردۇق؛ زىيارەت جەريانىدا، بۇ شەھەردە ياشاپ ئۆتكەن داڭلىق ئەلنەغمىچى ماسەنلى (خۇيزۇ)، خىمىيە ئالىمى ياڭ شىشەن (موڭغۇل، ئىلگىرى نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان)، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پائالىيەتچىسى گوجياگجېن (ئايال، خۇيزۇ) قاتارلىق مەشھۇر ئەربابلارنىمۇ ئىختىيارسىز ئەسلىدۇق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تيەنجىن شەھىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىق ئارقىلىق چوڭ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگەنلىك ۋەزىيىتى كۆز ئالدىمىزغا كەلدى.

(خەمىت نېغمەت تەرجىمە قىلدى)

قەلب چىرىغى: كۆپ سۆزلىگەنلىك تالانتلىق بولغانلىقنى بىلدۈرمەيدۇ. — تېلسىن

# لوبا مىللىتىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

● رەخمەتجان ئەخمەت ●

لوبا مىللىتى ئاساسەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى لوپۇ ۋىلايىتىدە ۋە چېگرا بويىغا جايلاشقان مېلىن، موتو، لاڭشيەن، لوڭزى قاتارلىق بىر نەچچە ناھىيىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ يەرلەردە تۇتاش كەتكەن تاغ چوققىلىرى كۆپ، بۈك ئورمانلار بىلەن قاپلانغان ساي- جىلغىلار ئىنتايىن گۈزەل. لوبالارنىڭ تۇرارجايى ۋە كەنتلىرى ئىپتىدائىي ئورمانلار چۆمكەپ كەتكەن ئېگىز- ئېگىز تاغ ئارىسىدىكى جىلغىلارغا تارقاق جايلاشقان بولۇپ، كىشىلەر ئۇرۇق، قەبىلىلەر بويىچە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. ئومۇمىي نوپۇسى 2312 (1990- يىلدىكى سان).

«لوبا» — زاڭزۇ تىلىدا «جەنۇب تەرەپتە ئولتۇراقلاشقانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. لوبا تىلى — خەنزۇ- زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭزۇ- بىرما تىللىرى ئائىلىسى زاڭزۇ تىل تارمىقىغا كىرىدۇ، لوبالارنىڭ يېزىقى يوق، ئۇلار ئالاقە ۋە باشقا ئىشلاردا ئاساسەن زاڭزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ.



لوبالار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا دورا ماتېرىياللىرى كۆپ چىقىدۇ. ئۇلار ئوت- چۆپلەرنى كۆيدۈرۈپ يەر ئېچىش ئارقىلىق دېھقانچىلىق قىلىدۇ، يالڭاچ ئارپا، كۆممىقوناق، بۇغداي، شال ۋە كۆكتات تېرىيدۇ، چارۋىچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئوۋچىلىق، ياۋا مېۋە- چېۋىلەرنى يىغىۋېلىشمۇ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا قوشۇمچە ئوزۇقلۇق مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. زاڭزۇلار رايونىغا يېقىن جايلاردىكى لوبالار زاڭزۇلارغا ئوخشاش زامبا يېيىشكە ۋە سېرىق ماي چېيىغا يالڭاچ ئارپا، سۇلۇ تالقىنىنى سېلىپ ئىچىشكە ئامراق.

لوبالار ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن يۇمىلاق تۇماق كىيىشكە ئامراق ياكى پىلەك، بامبۇكلاردا توقۇلغان يۇمىلاق قالپاقنىڭ چۆرىلىرىگە تۈكلۈك ئېيىق تېرىسىدىن چەمبەر شەكلىدە جىيەك تۇتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئىسسىقلىقنى ساقلاش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئوۋچىلارنىڭ باتۇرلۇقىنى نامايان قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەرلەر تالا- تۈزگە چىققاندا ئوقيا، پىچاق ئېسىۋالىدۇ، كىيىم - كېچەكلىرىگە يالتىراق بېزەكلەرنى تاقىۋالىدۇ. ئاياللار كاناپ رەختتىن توقۇلغان ياقىسىز كۆڭلەك كىيىپ، ئۈستىگە موزاي تېرىسىدىن تىكىلگەن كەمزۇل، ئاندىن ئوشۇقىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يوپكا كىيىدۇ. ئەر- ئاياللار ئومۇمەن چېچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، پېشانىسىگە چۈشۈرۈلگەن چاچنى تەكشى قىرقىۋېتىدۇ. لوبالارنىڭ بېزەكلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەرلەر مىس ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان بىلەزۈك تاقايدۇ ۋە بامبۇكتىن ياسالغان ھالقا ئاسىدۇ. ئاياللار كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان بىلەزۈك، ئۈزۈك تاقايدۇ، بوينىغا كۆك، ئاق رەڭلىك نەچچە ئون قۇر مارجان ئاسىدۇ، چەمبەر شەكىللىك ھالقا ۋە ئۈنچە - مارجان، كۈمۈش تەڭگىدىن مەيدە زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشقا ئامراق. بۇلار ئادەتتە بايلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.

لوبالار مېھماندوست بولۇپ، ئۆيىگە كەلگەن مېھماننى تۆرگە باشلاپ ئاۋۋال چاي، ئاندىن غىزا كەلتۈرىدۇ، مېھمانلار ئالدىغا قويۇلغان غىزا- نېمەتلەرنى ئاشۇرۇپ قويماي يەۋەتسە ساھىبخان ناھايىتى خۇشال بولىدۇ. مېھمان تاماقنا بېقىشتىن ئىلگىرى ساھىبخان بىر يۇتۇم هاراق ئىچىپ، غىزانى ئالدى بىلەن ئۆزى يەپ تېتىپ كۆرىدۇ. بۇ ئارقىلىق مېھماننى بەھوزۇر تاماق يېيىشكە دەۋەت قىلىدۇ ۋە ئەندىشىدىن خالاس قىلىدۇ. مېھماننى ئىززەت- ھۆرمەت بىلەن كۈتمەسلىك بىر خىل يامان ئادەت دەپ قارىلىپ، بۇنداق قىلغۇچىلار يۇرت ئەھلىنىڭ ئەيىبلىشىگە قالىدۇ.

لوبالار جىن- شاياتۇنلارغا چوقۇنىدۇ، كۆپ خىل ئىلاھقا ئىشىنىدۇ. ئۇلار پۇتكۈل كائىناتقا تەبىئەتتىن تاشقىرى بىر خىل ئىلاھىي كۈچ ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئادەملەرنىڭ ئۆلۈشى ۋە تۇرلۇك ئاپەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى جىن- ئالۋاستىلارنىڭ قۇدرىتىدىن بولغان دەپ قارايدۇ ۋە بۇنداق ئەھۋاللاردا مال ئۆلتۈرۈپ نەزىر- چىراغ قىلىپ، پېرىخون تەكلىپ قىلىپ نوم ئوقىتىدۇ.

بىرەر ئائىلە پەرزەنتلىك بولسا، ئۇرۇق- تۇغقان، دوست- يارەنلىرى كېلىپ، قىزغىن تەبرىكلەيدۇ ۋە بىر تال ياغلىقنى سوۋغا قىلىدۇ.

لوبالار ئاساسەن بامبۇك توقۇلما مەھسۇلاتلىرى ئىشلەش بىلەن داڭق چىقارغان، ئەر- ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بامبۇك نوتىسىدىن كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىۋالىدۇ.

## دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى سىياسىي - قانۇن مەھكىمىسى بۇ يىللىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى بېكىتتى

گۋاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى ۋە نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا قاتنىشىدىغان مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تەشكىللەش ۋە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىنى شۇنىڭدەك 2 ئاپتونوم ئوبلاست، 6 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش- تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، بۇ يەنە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈش - تەتقىقاتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا تارقاق، ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ؟ دېگەن باش تېمىنى چۆرىدەپ، مىللىي يېزا ۋە شەھەرلەردىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە بولغان تەكشۈرۈش- تەتقىقاتنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا «شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت تۇراقسىز ئاھالىلىرىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىش نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىش. «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ قانۇن- تۈزۈم تەشۋىقات تەربىيە پائالىيىتىنىڭ 3- بەش يىللىق پىلانى»نى يولغا قويۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بىلەن بىرلىكتە «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاياللىرى خىزمىتى يىغىنى»نى چاقىرىش. تەيۋەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ 2- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى چاقىرىش. جۇڭگو چوڭ شەھەرلەر ئانتروپولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئامېرىكىدا ئېچىلىدىغان خەلقئارا ئىنسانشۇناسلىق ۋە مىللەتشۇناسلىق بىرلەشمە جەمئىيىتىنىڭ 4- نۆۋەتلىك دۇنيا يىغىنىغا قاتنىشىشقا تەشكىللەش ھەمدە يىغىن مەزگىلىدە «جۇڭگو مىللەتلەر مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى»، «مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى» قاتارلىق مەخسۇس تېمىلاردا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈش. ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر بىلەن بىرلىكتە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى— تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى»نى چاقىرىش. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە «مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ئاياللىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى— تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى»نى ۋە «2- قېتىملىق مەملىكەتلىك ھەر مىللەت ياشلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى- تەرەققىيات ئىشلىرى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى»نى چاقىرىشتىن ئىبارەت.

(نۇرئىمان تەرجىمە قىلدى)



# ئامېرىكا تەسىراتلىرى

## (ساياھەت خاتىرىسى)

ئىدرىس بارات

(باش قىسمى ئالدىنقى سانلاردا)

### 6 . «مۇشۇكئېيىق» تېز تاماقخانىسىدىكى «تەلەي سىناش پېچىنىسى» ۋە ئۇلۇغ كەلمىگەن تەلەي

بىز ئامېرىكىدىكى زىيارىتىمىزنىڭ ئالتىنچى كۈنى، لوس-ئانژېلىس شەھرىدىن ماشىنا بىلەن قوزغىلىپ، پۈتۈن دۇنيادىكى تەۋەككۇلچىلەرنىڭ دىققەت نەزەرى مەركەزلەشكەن چۆلدىكى «قىمار شەھرى» — لاس ۋېگاسقا قاراپ ماڭدۇق. بۈگۈن 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، قىش كۈنلىرى بولۇشىغا قارىماي، ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق ۋە ئىللىق ئىدى. بىر خىل ئۆزگىچە قىزىقىش ئىلكىدە قاناتلانغان تەپەككۇرۇم بىر تۇرۇپ «ئىلاھى كومېدىيە» ناملىق ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن «جەننەت» ۋە «دوزاخ» مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسە، بىر تۇرۇپ دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن فىلىملەردىكى تاماكىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ۋە ھاراقنىڭ بۇس ـ بۇخۇناقلىرى بىلەن بۇلغانغان يەر ئاستى قىمارخانىلارنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. خىيالىمدا «ئامېرىكىغا كەلگەندىن بېرى گۈزەل مۇھەت، مەدەنىي تۇرمۇش، يۈكسەك تەرەققىيات مەنزىرىسىنىلا كۆردۈم. ئەمدى بۈگۈن بۇ جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ، خۇنۇك تەرەپلىرىنىمۇ كۆرىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلايتتىم. كۆرمىگەننى كۆرۈشكە، بىلمىگەننى بىلىشكە

ئىنتىلىش، قانچىكى سىرلىق تۇتۇلغان شەيئىنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىشقا شۇنچە قىزىقىش — ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىدىكى ھەممىگە مەلۇم مەخپىيەتتۇر.

ئامېرىكىغا بېرىپ كەلگەن دوستلىرىم: «ئامېرىكىنىڭ لاس ۋېگاس دېگەن يېرىدە كاتتا قىمارخانىلار بار ئىكەن. ئۇ يەردە قىمار ئويناپ مانچە دوللار ئۇتتۇم» دەپ كەلگەندە، مېنىڭ كۆڭلۈمدىمۇ شۇ قىمارخانىلارنى بىر كۆرۈش ھەۋىسى قوزغالغانىدى. بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە قىمار ئويناش قانۇنغا خىلاپ ئىش، قىمار ئوينىغۇچىلار جازاغا ئۇچرايدۇ. بىز ئامېرىكىغا مېڭىشتىن ئىلگىرى ئېلىپ بېرىلغان تاشقى ئىشلار ئىنتىزامىغا ئائىت سۆھبەتتە، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى مەسئۇلىنىڭ «ئامېرىكىغا بارغاندا، ئۇ جەمئىيەتنى ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن، قىمارخانىغا كىرسەڭلار ۋە قىمارغا قاتنىشىپ باقساڭلار بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يەردە قىمار ئويناش بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى» دېگەن ئەسكەرتىشى بىزنىڭ ئارتۇقچە ئەندىشىمىزنى تۈگەتكەنىدى. دېمىسىمۇ، ئاسمان - پەلەك بىنا، ستېرېئولۇق يول، رەڭگارەڭ ئاۋاز ۋە ھەرخىل ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرىنى دۆلىتىمىزدىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بىراق «قىمار شەھىرى» نى ئامېرىكىدىن باشقا جايدا كۆرگىلى بولمايدۇ — دە.

لاس ۋېگاس شەھىرى نېۋادا شىتاتىغا تەۋە بولۇپ، لوس-ئانژېلېس شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 400 نەچچە ئىنگلىز مىلى ئىكەن. شۇڭا يولدىكى بىر ئۆتەڭدە توختاپ چۈشلۈك تاماق يەپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. بىز توختىغان ئۆتەڭنىڭ نامى باستوۋ بازىرى بولۇپ، باج كەچۈرۈم قىلىنغان رايون ھېسابلىنىدىكەن. چۈشەندۈرۈلۈشىچە، بۇ يەردە مال ئەرزانمىش. بىز تاماقنى ئىلتىنىڭ يەپ دۇكانلارغا چاپماقچى بولۇشتۇق. «ئالمۇشۇكىپىق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئېلىز تاماقخانىغا كىرىپ تاماققا ئۆچرەتكە تۇردۇق. لاس ۋېگاسقا بېرىپ كېلىدىغان ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن يول ئۈستىدىكى ئاشپۇزۇل - رېستورانلارمۇ باس - باس بولۇپ كەتكەنىدى. پۈتۈن خىيالىم تاماقنى چاققانراق يەپ، ماگىزىنلارنى ئارىلاش ئىدى. شۇ خىيال بىلەن تۇرسام، بىر كىشى ئىسمىمنى خەنزۇچە تەلەپپۇزدا چاقىرىپ «يىدىلىسى، يىدىلىسى» دېگىنىچە قول ئۇزىتىپ يېتىپ كەلدى. ئالدىمدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ سىشۆ تۇراتتى. بىز ئىختىيارسىز قۇچاقلىشىپ كەتتۇق. ئۇلارنىڭ لاس ۋېگاسقا بېرىپ قايتىشى ئىكەن. ئامېرىكىدەك يىراق بىر ئەلنىڭ كىچىككىنە بىر ئۆتەڭدە تونۇش ئادەمنىڭ ئۇچراپ قېلىشى كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ئىش ئىدى، ئەلۋەتتە. مەن تاماقنىمۇ تاشلاپ جاڭ شۇجى بىلەن قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ، بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن جاڭ سىشۆ ۋە ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى بىلەن بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق.

تاماق يېيىشكە ئالدىراپ تۇرغىنىمىزدا، بوغداي ئۆڭلۈك چىرايلىق مۇلازىم قىز ئالدىمىزغا بىر پەتنۇستا گۈللۈك يالتىراق قەغەزلەردە ئۈچ بۆرجەك ئورالغان پېچىنە ئېلىپ كەلدى. بىز نېمە قىلىشنى بىلمەي ئولتۇراتتۇق، يول باشلىغۇچى دوكتور زىڭ ئەپەندى: «بۇ — تەلەي سىناش



ئاپتور (سولدىن 1- كىشى) باستوۋ بازىرىدا جاڭ سىشۆ (سولدىن 2- كىشى) بىلەن بىللە.



باستوۋ بازىرى «مۇشۇكتېيىق» ئىبز تاماقخانىسىدىكى مۇلازىملار.

پىچىنىسى، قېنى ھەممىيلەن بىردىن ئېلىپ، تەلىيىڭلارنى سىناپ بېقىڭلار، لاس ۋېگاستىكى تەلىيىڭلار قانداق بولىدىكىن» دېدى. مەن ئۇچ بۇرجەك تۈگۈلگەن چوڭچوڭ چىلىك بىر قەغەز بولاقنى ئېلىپ، ئورالغان قەغەزنى يىرتتىم. ئىچىدىن تۆت قاتلانغان كىچىككىنە بىر پارچە باغاقچە ۋە خوۋەينى ئورۇكنىڭ گۈلىسىچىلىك چوڭلۇقتا بىر دانە پىچىنە چىقتى. باغاقچىغا ماشىنىدا ئىنگلىزچە خەت ئۇرۇلغان بولۇپ، زىلك ئەپەندى بۇ باغاقچىدىكى خەتلەرنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. ماڭا چىققان باغاقچىغا: «ئالدىڭىزدا چوڭ بىر ئۆزگىرىش سىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ» دەپ يېزىلغانىكەن. سەپەرداشلىرىم ئىختىيارسىز ھالدا: «ۋاي...» دېيىشىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ھەر كىمنىڭ قىمارخانىدىكى تەلىيى توغرىسىدا ھەر خىل تەبىرلەر بېرىلدى. بىز تاماقنى ھاپىلا ـ شاپىلا يەپلا، ئەرزان مال ئىزدەپ باستوۋ بازىرىنىڭ ماگىزىنلىرىغا چاپتۇق، تورمۇش سەۋىيىمىز ۋە يانچۇقىمىزدىكى پۇل بىلەن ھېسابلاپ كۆرگەندە، بۇ يەرنىڭ ماللىرىمۇ بىزنىڭ ئىستېمال ئىشتىھايىمىزنى قوزغىيالمىدى. مەن ئۈمىدىمنى ئالدىمىزدىكى «چوڭ ئۆزگىرىش» كە باغلىدىم. قىمار شەھىرىگە يېتىپ بارغۇچە سەپەرداشلىرىمىزنىڭ ھەممە پاراڭلىرى قىمار توغرىسىدا بولدى. ئالدىنقى قېتىمدا جۇڭگودىن بارغان بىر كىشى لاس ۋېگاستىكى قىمارخانىدا «تەڭگە يەيدىغان يولۋاس» دەپ ئاتىلىدىغان قىمار ماشىنىسى ئالدىدا تەڭگە پۇللارنى قىمار ماشىنىسىنىڭ كامىرىغا سېلىۋېتىپ، تارتقۇچنى تارتقان ئىكەن، ساناقسىز تەڭگىلەر تۇختىماي جىرىڭلاپ چۈشۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتكۈل قىمارخانىنىڭ سىگنال بېرىش ئەسۋابلىرى سىگنال بېرىپ كەتكەنمىش. ھېلىقى كىشى بىرەر چاتاق ئىش قىلىپ قويغان ئوخشايمەن دەپ قورقۇپ، دەرھال قىمارخانىدىن قېچىپ چىققانمىش. باشقىلار بۇ ئەھۋالنى ئۇقۇقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «ھەي ئەخمەق، سەن قىماردا ناھايىتى كۆپ پۇل ئۇتۇۋېسەن، قېچىپ چىقماي، ئۇتقان پۇلۇڭنى ئېلىۋېلىشىڭ كېرەك ئىدى، دېيىشىپتىمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى قىمارخانىغا قايتا كىرىپ ھېلىقى ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلسە، ئۇ يەرگە قىمارخانىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ساقچىلىرى يىغىلىپ كەتكەنمىش. قىمار ماشىنىسىدىن چۈشكەن پۇل 100 نەچچە مىڭ دوللار ئىكەنمىش، ھېلىقى كىشى قىستىلىپ تۇرۇپ «بۇ پۇللارنى مەن ئۇتقان» دەپتىكەن، ساقچىلار ئۇنىڭ ئىسپاتسىز گېپىگە ئىشەنمەي، ھېلىقى پۇللارنى قىمارخانىنىڭ كىرىمىگە ئۆتكۈزۈۋەتكەنمىش... بۇ ئەپسانە تۈسىنى ئالغان ۋەقە كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئاجايىپ بىر ۋەسۋەسە، قىزىقسىنىش قوزغىمىدى، دېسەم يالغان بولىدۇ.

بىز 3 سائەتچە يول يۈرۈپ، ئۈرۈمچى ـ قەشقەر يولىدىكى سانساكۇ ئاچىلىدىن سوغۇن چارىغىچە بولغان ئارىلىقتىكىدەك غىلاك سايىنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆندۈزدىمۇ پۈتكۈل چىراغلىرى چاقناپ يېنىپ تۇرغان ئاجايىپ كۆركەم، گۈزەل بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان بىر ئەلدە بۇنداق چۆل ـ جەزىرىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغانىدىم. ماڭا بۇمۇ بىر يېڭىلىق بولدى. لاس ۋېگاسقا يېتىپ كەلگىنىمىزنىڭ بەلگىسى شۇ بولدىكى، شەھەر ئاسمىنىدا ئايروپىلانلار قاغا ـ كەپتەرلەردەك كۆپ ئىدى. گۆگۈم پەردىسىنىڭ تارتىلىشى بىلەن، ئاجايىپ كۆركەم زىننەت

چىراغلىرى بىلەن بېزەلگەن ئىمارەتلەر كۆزىمىزنى ئالا - چەكمەن قىلماقتا ئىدى. شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەلگىنىمىزدە، يول باشلىغۇچى زىلك ئەپەندى ئالدىمىزدىكى ۋە ئىككى يېنىمىزدىكى ھەر خىل ھەيۋەت ئىمارەتلەرنى كۆرسىتىپ، قانداق ئۇرۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەچ ماڭدى. بىز ماشىنا ئىچىدە بولغاچقا، كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەيۋاتاتتۇق، توختاپ سۈرەتكە چۈشۈشكە تېخىمۇ ئىمكانىيەت يوق ئىدى... تۆپىسى ئۈچلۈق، تېگى يوغان، ئەلئېھرام مۇنارى شەكلىگە ئوخشايدىغان، كىرىش ئىشىكىنىڭ ئۈستىدىكى لەمپە پىل سىياقىدا ياسالغان، ماشىنىلار پىلنىڭ 4 پۇتىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈشۈۋاتقان ھەيۋەتلىك بىنانىڭ نامى — «ئەلئېھرام قىمارخانىسى» ئىكەن... مەرمەر تاش تۈۋرۈكلىرىگە نەقىشلەر ئويۇلغان، بىنا ئۈستىگە مەرمەر تاشتىن ئويۇلغان ھەيكەللەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاۋۇ سەلتەنەتلىك بىنانىڭ نامى قەدىمىي رىم ئىمپېراتورىنىڭ نامىدا ئاتىلىدىغان «كەيزا» قىمارخانىسى ئىكەن...

لاس ۋېگاسنىڭ «چۆلدىكى شەھەر»، «ئامېرىكىنىڭ قىمار پايتەختى»، «جىنايەت پاتقىقى»، «نىكاھتىن ئاجرىشىش كىرىمىگە تايىنىپ بېيىغان شەھەر»، «كېچە بولماس شەھەر (ئاق كېچە)» دېگەندەك ئۆزگىچە ناملىرى بار ئىكەن. دۇنيا ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئىكەن. شۇنداقمۇ قانۇنى بار جايلار بولىدىكەنكى، لاس ۋېگاستا، بىرى، كۈنۈ تۈن 24 سائەت چىراغلار يېنىقلىق تۇرۇشى شەرت ئىكەن. «كېچە بولماس شەھەر» دېگىنى شۇ بولسا كېرەك؛ يەنە بىرى، ھەر قانداق شەكىلدىكى قىمار ئويناش قانۇنلۇق ئىش ئىكەن.

لاس ۋېگاس ئامېرىكىنىڭ نېۋادا شتاتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەسلىدە ھاۋا كېلىماتى ناچار، ئەتراپى چۆل-جەزىرە بىلەن ئورالغان بىر ئەسكى ئۆتەڭ ئىكەن. 1967 - يىلى ئامېرىكىلىق كاتتاباي خوۋارد خۇس لاس ۋېگاسقا كېلىپ، «قۇملۇق مېھمانخانىسى» غا چۈشكەن ۋە ئاجايىپ تەسەۋۋۇرى بويىچە ئۆزىگە تېخىمۇ تىنىچ ئارام ئالىدىغان جاي تېپىش مەقسىتىدە بۇ مېھمانخانىنى سېتىۋالغان. كېيىنچە، لاس ۋېگاستا ئۆي - زېمىن باھاسى ھەسسىلەپ چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ 5 مېھمانخانا، ئاۋىئاتسىيە شىركىتى ۋە كەڭ كۆلەملىك قاقاس يەرلەرنى سېتىۋېلىپ، قىمارخانا ئاچقان، قىمارخانا ۋە قىمارۋازلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، گىيا ئۈنمەيدىغان بۇ قاقاس يەر ئەڭ ئاۋات جايغا ئايلانغان. لاس ۋېگاستىكى «ئىمپېراتور كەيزا» ناملىق مېھمانخانا شۇ قەدەر كۆركەم، ھەيۋەت ئىكەنكى، بىز دەسلەپتە ئۇنىڭ ئىچىنى ئايلانغاندا خۇددى كاتتا بىر ئاۋات كوچىنى ئايلانغاندەك تۇيۇلدى، كۆك ئاسمان ۋە ئاق بۇلۇتلار، ساناقسىز يۇلتۇزلار بىلەن زىننەتلەنگەن مېھمانخانا سەيناسىنىڭ تورۇسىنى تەبىئىي ئاسمان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمىز. بۇ يەردە مېھمانخانا بىلەن قىمارخانا ئەمەلىيەتتە بىر گەۋدە ئىكەن. مېھمانخانا بىناسىنىڭ ئاستىدىكى كەڭ زال قىمار مەيدانى بولۇپ، ئۇ يەردە ئايلانما قىمار ئەسۋابلىرى، قارتا بىلەن ئوينايدىغان قىمار، شىشغال بىلەن ئوينايدىغان قىمار ۋە «تەڭگە يەيدىغان يولۋاس» قاتارلىق قىمار ئەسۋابلىرى تەييار ئىكەن. «تەڭگە يەيدىغان يولۋاس» دېگىنىمىز، ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن كونترول قىلىنىدىغان، ئاپتوماتىك مال سېتىۋېلىش ماشىنىسىغا ئوخشايدىغان ئۈسكۈنە بولۇپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تەڭگىنى دوللارغا تېگىشىپ ئالىدىكەنمىز، تەڭگىلەرنىڭ قىممىتى 0.25 دوللار، 0.50 دوللار، 1 دوللار، 2 دوللار، 5 دوللارغا قەدەر بولىدىكەن، ھەر بىر قىمار ماشىنىسىنىڭ بىر خىل تەڭگە پاتقۇدەكلا تۆشۈكى بار ئىكەن. تەڭگىلەرنى سېلىپ، قول تۇتقۇچنى تارتساقلا، ئۇتقان ياكى ئۇتتۇرغانلىقىمىز شۇ ھامان ئايان بولىدىكەن. پۇل ئۇتساق، قىمار ماشىنىسىنىڭ ئاستىنقى تۆشۈكىدىن بىر دات باسماس پولات قاچىغا جىرىڭلاپ تەڭگە چۈشىدىكەن. ماشىنىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىسا، پۇلىمىزنى ئاشۇ يولۋاس يەپ كەتكەن بولىدىكەن. بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى، كۇۋەيت پادىشاھلىقىنىڭ بىر شاھزادىسى ئاشۇ داڭلىق «ئىمپېراتور كەيزا» مېھمانخانىسىنىڭ قىمارخانىسىدا قىمار ئويناپتۇ، 3 كېچىدە «تەڭگە يەيدىغان يولۋاس» ئۇ شاھزادىنىڭ 4 مىليون دوللار پۇلىنى يەۋەتكەنمىش.

بۇ يەردىكى قىمارخانىلارنىڭ ھېچقايسىسىدا سائەت بولمايدىكەن. ئۇقۇشىمىزچە، «بايلىق ئىلاھى» ۋاقىتنىڭ سۆيلىشىدىن بەك ھەزەر ئەيلەيمىش. بۇ يەردە «24 سائەت ئەتىكەنلىك تاماق بىلەن تەمىنلەيمىز» دېيىدىغان داڭلىق بىر ئېلان بار ئىكەن. بۇ يەردىكى مېھمانخانىلارغا چۈشكەن مېھمانلار ئامېرىكىدىكى باشقا ھەر قانداق مېھمانخانىدىكىگە ئوخشاشلا ئەتىكەنلىك تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدىكەن.



ھېكمەت: كۆپ تىللىق بولۇش شەرەپلىك، لېكىن ئانا تىلنى بىلمەسلىك جىنايەت. — چىڭغىز ئايتماتوۋ

ئۈزۈمنىڭ بىۋاستە تەسىراتىم بويىچە قارىغاندا، بۇنداق ئەتىگەنلىك تاماق ھەر قانداق كاتتا زىياپەتتىنمۇ مول ۋە ئېسىل بولىدىكەن. بىر مەلۇماتتا دېيىلىشىچە، لاس ۋېگاسقا پۈتكۈل ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن ۋە 50 نەچچە دۆلەتتىن بىۋاستە ئايروپىلان قاتنايدىكەن، كۈنىگە 1700 قېتىم ئايروپىلان قونغان ۋە ئۇچقان كۈنلەر بولغانمىش. بۇ يەردىكى قىمارخانىلار ۋە سودا سارايلىرى 24 سائەت تولۇق تىجارەت قىلىدىكەن. لاس ۋېگاسنىڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى يېقىغا ماگىزىنلاردەك قاتار سېلىنغان چوڭ ـ كىچىك چىركاۋلار بار ئىكەن. لاس ۋېگاسنىڭ «ئاجرىشىش پايتەختى» دېگەن نامىمۇ بار ئىكەن. چۈنكى بۇ يەردە ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئامېرىكىنىڭ ھەر قانداق يېرىدىكىدىن قولايلىق ئىمىش. شۇڭا، ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاجراشقۇچىلار مۇشۇ يەرگە كېلىپ، تېزلىكتە ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندىن كېيىن، يېنىكلەشكەن ھالدا قىمارخانىلارغا كىرىپ تەلىيىنى سىناپ كۆرىدىكەن.

بىز «ئىمپېراتور كەيزا» قىمارخانىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە، كىنولاردا كۆرگىنىمىزدىكىدەك رىم گىلادىيا تورلىرى ۋە ئاقسۆڭەك خېنىملار سىياقىدا ياسانغان قىز ـ يىگىتلەر كىرىپ كەلدى. مەن بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالدىم. ئاندىن ھەممىمىز تەلىيىمىزنى سىناش تەقەززالىقى بىلەن، جۈگگودا خەجلەشكە كۆزىمىز قىيماي ئاياپ ساقلاپ كەلگەن دوللارلىرىمىزنى تەڭگە پۇللارغا تېگىشىپ، «يولۋاس»لارنىڭ «ئاغزى» غا تىققىلى تۇردۇق. دەسلەپتە راستىنلا مېنىڭ تەلىيىم كەپقالدى: قول تارتقۇچنى بىرلا تارتىشىمغا 0.25 دوللارلىق تەڭگىدىن جىرىڭلاپ 80 دانىسى چۈشتى. بۇ، جۇڭگو پۇلىغا سۇندۇرغاندا 170 يۈەن ئىدى. ئۆمىكىمىزدە ياشتا چوڭراق، «ھەممە ئىشتا سالماق»، «چىرىك» لىك ئالدىدا ھەرگىز تەۋرەنمەيدىغان 2 كىشى بار ئىدى. ئۇلارمۇ قىمارخانىغا كىرىش «ۋەسۋەسىسى» دىن ئۆزىنى تۇتۇپ قالالمىدى. ئەمما «تەڭگە يەيدىغان يولۋاس» نىڭ ماھىيىتىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە مەغرۇر قاراپ تۇرۇپ بېقىشتى. بىر دەمدىن كېيىن مەن ۋە باشقا سەپەرداشلارنىڭ ئالدىدىكى قىمار ماشىنىسىدىن جىرىڭلاپ چۈشۈۋاتقان تەڭگىلەر ئۇلارنىڭ شەيتىنىنى قوزغىدى بولغاي، ئۇلار ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بۇ «جىنايەت ماشىنىسى» نىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، «يولۋاس» قا تەڭگە يېگۈزگىلى تۇردى. تەقدىرمۇ بەزىدە بىرەرسى بىلەن قېرىشىپ قالسا، ئاجايىپ كۈلكىلىك ئىشلارنى چىقىرىدىكەن. ئۆمىكىمىزدە ئۆزىنى ئالىيجاناب كۆرسىتىپ، ھەمىشە «سول» دىن چىقىپ گەپ قىلىدىغان، خۇددى پايلاقچىدەك ھەممەيلەننىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىمۇ چېچىلىپ، غۇدۇڭشۇپ يۈرىدىغان بىر ئەرباب بار ئىدى. باشقىلارنىڭ «دوللار» ئۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىمىدى بولغاي، ئۇمۇ «جىنايەت ماشىنىسى» ئالدىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭمۇ قىمارغا چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، بىر نەچچىمىز خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇق.



ئەسەر ئاپتورى «ئىمپېراتور كەيزا» مېھمانخانىسىدىكى «رىم ئاقسۆڭەكلىرى» بىلەن بىللە.



ھېكمەت: ھەسەتخورلۇق ــ مىللەتنى خارابلاشتۇرىدىغان خەتەرلىك روھىي ئىللەت. ــ گيۆتى

ئا شۇڭا ھەممەيلەن مېيىغىمىزدا كۈلگىنىمىزچە قىزىقىپ ئۇنىڭ قىمار ئويىنىشىغا قاراپ تۇردۇق. دەسلەپتە ئۇ 20 دوللارغا تېگىشىپ كەلگەن 0.25 دوللارلىق تەڭگىلەرنى بىر - بىرلەپ «يولۋاس» نىڭ ئاغزىغا تىقتى. ئۇ پۇللار خۇددى چوڭ كۆلگە بىر نەچچە تال شېغىل چۈشكەندەك، تىۋىشسىز يوقاپ كەتتى. بۇنىڭغا تېرىككەن ئۇ ئەرباب يانچۇقىدىن 20 دوللارلىق قەغەز پۇلنى چىقىرىپ، قىمار ماشىنىسىنىڭ تەڭگە تېگىشىش كۆزنىگە تىقتى. يەنە قىرىشقاندەك، 20 دوللارغا تېگىشىلىپ چۈشۈشكە تېگىشلىك 80 دانە تەڭگىنىڭ 1 دانىسىمۇ چۈشمەي قويدى. بۇ قىماردا ئۇتتۇرغانلىق ئەمەس، بەلكى قىمار ماشىنىسىنىڭ ئېلېكترونلۇق كونتروللىدىن چىققان چاتاق ئىدى. ئۇ تېرىككىلى تۇردى. ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كۆپۈپ كەتتى. ئۇ ھېدەپ ئامېرىكا كاپىتالىستلىرىنىڭ ئالدامچىلىقىنى، كۆپكۆزىدۇزدە بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقىنى تىللىماقتا ئىدى. دېمىسىمۇ بىكاردىن بىكار ئۇنىڭغا 40 دوللار، يەنى 340 يۈەن خەلق پۇلى زىيان بولغانىدى. بىرمىلەن قىمارخانا خادىمىنى تېپىپ كەلدى. ئۇ خادىم بىر باغلام پولات ئاچقۇچلارنى جالدۇر - جۇلدۇر قىلىپ، ھېلىقى قىمار ماشىنىسىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى ۋە تەڭگە، قەغەز پۇللارنى بىر يالماپلا يۇتۇۋەتكەن «يولۋاس» نىڭ «قارنى» نى ئېچىپ كۆرسەتتى: ۋاھ، قىمار ماشىنىسىنىڭ تېگىدىكى تەڭگە يىغىلىدىغان خەزىنە ساندۇقىغا يوغان بىر داس كەلگۈدەك تەڭگە چۈشكەنىدى. قەغەز پۇللار بولسا ئايرىم بىر كورۇپكىغا چۈشىدىكەن. ھېلىقى ئەربابنىڭ 20 دوللار قەغەز پۇلى بولسا كورۇپكىغا چۈشمەي، ماشىنىنىڭ ئىچىدە «چىشلىنىپ» قالغانىكەن. قىمارخانا خادىمى ئاشۇ 20 دوللار قەغەز پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ، ماشىنىنىڭ ئاغزىنى قۇلۇپلىۋېتىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر بىر قىمار ماشىنىسىغا بىر سوتكىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 100 مىڭ دوللار ئەتراپىدا پۇل چۈشەرمىش. ئېيتىلىشىچە، لاسۋېگاستا 250 چوڭ - كىچىك قىمارخانا بولۇپ، ئۇ قىمارخانىلاردىكى «تەڭگە يەيدىغان يولۋاس» لارنىڭ سانى 70 مىڭغا يېتەرمىش. ھېلىقى ئەربابنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، رەقىبى قىزىدى بولغاي، 20 دوللار قەغەز پۇلنى پوكەيگە ئاپىرىپ 0.50 دوللارلىق تەڭگە پۇلغا تېگىشىپ كەلدى - دە، 0.50 دوللارلىق پۇل بىلەن ئوينىلىدىغان قىمار ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تەڭگىلەرنى «يولۋاس» نىڭ ئاغزىغا تىقىپلى تۇردى. 40 دانە تەڭگىنى نەپسى يامان «يولۋاس» بىر دەمدىلا يۇتۇۋەتتى. بۇنىڭغا چىدىمىغان ئەرباب يەنە 40 دوللار قەغەز پۇلنى 80 دانە 0.50 دوللارلىق تەڭگىگە تېگىشىپ كېلىپ، قىمار ئويىنىغىلى تۇردى. ئۇنىڭ مەقسىتى، كۆپچىلىك ئالدىدا بىر نەچچە تەڭگە بولسىمۇ ئۇتۇپ، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ، ئوڭايسىز ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئىدى. قىرىشقاندەك ھەممەيلەن ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ دېۋىلەپ تۇرۇۋېلىشتى. 80 دانە تەڭگە تېزلا تۈگەي دەپ قالدى. ئاخىرى، قىمار ماشىنىسىنىڭ بەلگىسى ئۇتۇش سىزىقىغا توغرىلاندى - يۇ، جىرىڭلاپ تەڭگە چۈشمىدى، ماشىنا جىم تۇرۇۋالدى. قىمارخانا خادىمى يەنە چاقىرىپ كېلىندى، قىمار ماشىنىسىنىڭ ساندۇقى يەنە ئېچىلدى. بۇنىڭ ئىچىدىمۇ بىر داس كەلگۈدەك 0.50 دوللارلىق تەڭگىلەر پارقىراپ تۇراتتى. ھېچقانداق چىشلىنىپ قالغان پۇل يوق ئىدى. بۇ قېتىم قىمارخانا خادىمى ئۇنىڭ 40 دوللارلىق 80 دانە تەڭگىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېگۈزدۈم، ئۇتقان بولسامۇ پۇلۇم چىقمىدى، دېگەن گەپلىرىنى ئېتىراپ قىلمىدى. ئۇ كىشىگە ھەقىقەتەن دەرد ئۈستىگە دەرد بولدى. ئۇ يەنە 40 دوللار قەغەز پۇلنى 0.25 دوللارلىق كىچىك تەڭگىگە تېگىشىپ كېلىپ، باشقا بىر قىمار ماشىنىسىغا يۆتكەلدى - دە، غەزەپ بىلەن «تەڭگە يەيدىغان يولۋاس» نىڭ ئاغزىغا تەڭگە تىقىپلى تۇردى. بۇ قېتىم ئۇ پۇل ئۇتۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن بولسا كېرەك، ھەر قېتىم تەڭگىنى «يولۋاس» نىڭ ئاغزىغا تىققاندا، مۇنۇ گەپنى تەكرارلايتتى: «جوڭگو رېن يوجژچى، شۇدى چى! (ئۇيغۇرچە مەنىسى: جۇڭگولۇقلار شىجائەتلىك، ئۇتتۇرۇشقا چىدايدۇ)». شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئاشۇ ئاخشىمى نەچچە يۈز دوللار ئۇتتۇرغانلىقى ئۆزىگىلا ئايان ئىدى، ئەمما ئۇ قىمارخانىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ «شىجائىتى» نى بىر نامايان قىلىۋالدى. مەنمۇ قىزىقىشتىن، ئەڭ مۇھىمى يولدىكى «تەلەي سىناش باغاقچىسى» دىكى ھېلىقى «چوڭ ئۆزگىرىش كۈتۈپ تۇرىدۇ» دېگەن پالنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن بىر «يولۋاس» تىن نەپ چىقمىسا، يەنە بىرىدىن نەپ تېگىپ قالار، دېگەن تەمە بىلەن يۆتكىلىپ يۈرۈپ، 2 ـ 3 «يولۋاس» قا 100 دوللارچە پۇلۇمنى يېگۈزۈۋەتتىم. شۇ ئاخشىمى

ھېكمەت: ھەسەت ـــ قەلب ئوغىسى. ف. ۋولتېر

سەپەرداشلىرىمىز ئىچىدىن «20 دوللار ئۈتتۈم» دەپ ماختانغۇچىدىن بىرەيلەن چىقتى. قالغانلار بولسا، يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشىشىپ، مېھمانخانا ياتاقلىرىغا كىرىپ ئۇخلاپ قېلىشتۇق. قارىغاندا، ھەركىمنىڭ قانچىلىكتىن پۇل ئۇتتۇرغانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى.

لاس ۋېگاسنىڭ سەلتەنىتى، ئالتۇن ھەل بېرىلگەندەك چاقناپ تۇرۇشى، مېھمانخانا ۋە قىمارخانىلارنىڭ ئالاھىدە ھەشەمەتلىك بېزىلىشى، بۇ يەردىكى ھەر خىل مۇلازىمەتلەرنىڭ قۇسۇرسىز ياخشىلىقى، شەھەر مۇھىتىنىڭ ئاجايىپ گۈزەللىكى كىشىگە پۇلنىڭ كارامىتى توغرىسىدا ئۆزگىچە چۈشەنچە بېرەتتى.

لاس ۋېگاستىن لوس ـ ئانژېلىس شەھىرىگە قايتىشىمىزدا چۆل- جەزىرىدىكى بىر تاشلاندۇق بازارنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. بۇ، «كالىكو» ناملىق بازار بۇنىڭدىن 30 ـ 40 يىللار ئىلگىرى مۇشۇ ئەتراپتىن كۈمۈش بايلىقى بايقالغاندا ناھايىتى ئاۋاتلاشقانمىش. ئىلگىرى چۈنىدەك يىغىلىشقان كىشىلەر كېيىنچە كۈمۈشلەر قېزىلىپ تۈگەپ، بۇ يەردىن كولىغۇدەك بىر نەرسە قالمىغاندا ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلىشىپ، باشقا نەپ چىقىدىغان جايلارغا كۆچۈپ كەتكەنمىش. ھازىر كىشىلەر بۇ يەرنى «جىن- ئالۋاستى ئۇۋىسى» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ. بۇ ئەسكى ئىمارەتلەردىن بىر نەچچە پارچە سۈرەت تارتىۋالدىم. (تۆۋەندىكى سۈرەتكە قاراڭ)

ئەگەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم ياكى مۇشۇ سۈرەتلەر ئىسپات بولمىسا، ئامېرىكىدەك تەرەققىي قىلغان ئەلدە مۇشۇنداق خارابىلىقنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا ھېچكىم ئىشەنمەس. قايتىپ كەلگىچە، ئوخشاشلا چۆلگە جايلاشقان لاس ۋېگاس شەھىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى بىلەن كالىكو بازىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ مۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم: پۇل بار يەر جەننەت، پۇل يوق يەر دوزاخ ئىكەن. بەلكىم، مېنىڭ بۇ خۇلاسەم ئامېرىكا جەمئىيىتىگىلا مۇناسىپتۇر.

***ئاپتورنىڭ ئەسكەرتىشى:*** *«ئامېرىكا تەسىراتلىرى» ناملىق چاتما ساياھەت خاتىرىسى بۆلۈپ ئېلان قىلىنىۋاتقاچقا، باش قىسمىنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان ئوقۇرمەنلەر ئىلگىرى قايسى سانلاردا ئېلان قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن قاچانغىچە ئېلان قىلىندىغانلىقىنى سورۇشتە قىلدى. مەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ تۆۋەندىكىچە ۋاقىپلاندۇرىمەن: 1997 ـ يىللىق 2 ـ ساندا «مۇقەددىمە»، 3 ـ ساندا «〈سام تاغا〉 نىڭ يۇرتىدىكى دەسلەپكى تەسىرات»، 5 ـ ساندا «ماشىنا ئادەملەر دۇنياسىدىكى كارامەتلەر ۋە 〈ئۆگرە پادىشاھى〉»، 1998 ـ يىللىق 1- ساندا «كرىستال چېركاۋىدا مىلاد بايرىمى ۋە 100 يىلدا بىر ئۇچرايدىغان پۇرسەت» ۋە «6 ـ دۆلەتنىكى سېلىشتۇرما: چىپار ئېشەك ۋە 〈ماماخوخو〉» دېگەن كىچىك تېمىلاردا بېرىلگەنىدى. نىچىگە ئايرىغاندا، بۇ قېتىمقىسى 6 ـ قىسمى بولىدۇ. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى سانلىرىدا، فىلادېلفىيە، نيۇ ـ يورك، ۋاشىنگتون، سان ـ فرانسىسكو ۋە يەر شارى كىنو ستۇدىيىسى ۋوللىۋوددا ھاسىل بولغان تەسىراتلار چاتما خاتىرە سۈپىتىدە بېرىلىدۇ.*

*(داۋامى كېيىنكى ساندا)*



«كالىكو» دەپ ئاتىلىدىغان تاشلاندۇق بازاردىكى خارابە ئۆيلەردىن بىر كۆرۈنۈش.

ETHNIC UNITY

# ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشنىدار- چىلىق مۇناسىۋىتى

ئامېرىكىنىڭ شەھەرلىرىمۇ، يېزىلىرىمۇ ئىنتايىن تىنچ بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، ئادەم ئاز؛ ئىككىنچىدىن، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بېرىش- كېلىش مۇناسىۋىتى تولىمۇ ئالاھىدە بولغانلىقىدا.

كورپۇس - كورپۇس ئائىلىلىك بىنالىرىدا ئاھالىلەر ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە دۇنياسىدا تەرتىپلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىدۇ. قوشنىلار ئارا بېرىش- كېلىش قىلىشمايدۇ. كارىدوردا ناتونۇش كىشىلەر ئۇچراپ قالسىمۇ، ئەدەب بىلەن هال- ئەھۋال سورىشىدۇ، لېكىن قاراملارچە باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىش ، ئۆيمۇ ئۆي قاتراپ يۈرۈش، پاراڭلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللار تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. ئىشىكى قارىشىپ تۇرىدىغان 2 ئائىلىلىكنىڭ ئەزالىرى سەۋەبسىزلا بىر- بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقىشمايدۇ. ئاددىيسى، كىچىك باللار بىللە ئويناشقا ۋەدىلىشىپ قويغان تەقدىردىمۇ ئالدى بىلەن تېلېفون بېرىپ ئالاقىلىشىدۇ. ھەرگىز بىر- بىرىنىڭكىگە ئۇدۇللا بېرىپ، ۋارقىراپ- جارقىراپ يۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باللار مەيلى كىمنىڭ ئۆيىدە ئوينىسۇن، چوقۇم ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ ئوينايدۇ، كارىدورلاردا قىقاس- چۇقان سېلىپ، چېپىپ يۈرۈشمەيدۇ. شۇڭا، سىز شۇنچە چوڭ ئائىلىلىك بىناسىنىڭ ئۇزۇن كارىدورىدا تۇرغىنىڭىزدىمۇ ھېچقانداق ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئاڭلانمايدۇ.

ئەگەر قوشنىلىرىڭىزدىن بىرەرسى كېچىدە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلسا ياكى يۇقىرى ئاۋازدا مۇزىكا قويسا، ئائىلىلىك بىناسىنىڭ ئالدىدىكى نۆۋەتچىخانىغا ياكى ئۆي ئىجارە بېرىش ئىشخانىسىغا چىقىپ پىكىر بەرسىڭىز، بۇ ئىشنى ئۇلار مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىدۇ؛ بىۋاسىتە چىقىپ قوشنىلىرىڭىزغا نارازىلىق بىلدۈرۈشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، قوشنىڭىزنىڭ ئۆيىدە جېدەل- ماجىرا بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالسىڭىز، ئۇلارنىڭكىگە كىرىپ جېدەلنى ئاجرىتىمەن دەپ يۈرمەيسىز. باشقىلارنىڭ شەخسىي ئىشىغا ئارىلىششقا بولمايدۇ. ئىلگىرى مېنىڭ بىر قوشنام بار ئىدى، بىر كۈنى ئانىسى بىلەن قىزى ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ئانىسى قىزىنى ئۆيدىن سىرتقا چىقىرىۋەتتى، قىزى بولسا كارىدوردا تۇرۇۋېلىپ ئىشىكنى ئۇرۇپ، ۋارقىرىغىلى تۇردى. بىر نەچچە قوشنىلار ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ، كىمنىڭ ئۆيىدە ئىچكى جېدەل يۈز بەرگەنلىكىگە قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى، ئارىدىن بىرەيلەن بىنا نۆۋەتچىخانىسىغا تېلېفون بېرىپ، بۇ ئىشقا نارازىلىق بىلدۈردى. بۇنداق ئىش ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغاچقا، ھېلىقى قوشنام ئاخىرى كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.



ETHNIC UNITY

ئامېرىكىدا، ئۆي ئىگىسى ئۆيدە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغانلارغا قوشنىلارغا تەسىر يەتكۈزدى، دەپ ئۆيىنى قايتا ئىجارىگە بەرمەسلىككە ھوقۇقلۇق.

جۇڭگودا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ياخشى» دېگەن ماقال بار. ياخشى قوشنا-قولۇملار خۇددى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قىزغىن ۋە يېقىن ئۆتىدۇ، ئامېرىكىدا بولسا ياخشى قوشنا- قولۇملارمۇ بىر-بىرىگە دەخلى قىلىشمايدۇ.

يىغىلىش — ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇھىم ئىجتىمائىي ئالاقە شەكىللىرىدىن بىرى. ئىدارىلەرنىڭ ئىدارە يىغىلىشى، قوشنا - قولۇملارنىڭ قوشنىلار يىغىلىشى، دوست- بۇرادەرلەرنىڭ ھەر خىل رەسمىي ۋە غەيرىي رەسمىي يىغىلىشلىرى بولىدۇ.

تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر ئۆيدە يىغىلىش قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ھېچبىر شاۋقۇن- سۈرەن ۋە ۋارقىراپ - جارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلانمايدۇ؛ مېھمانلار ھەرقايسىسى بىر رومكىدىن ھاراقنى تۇتقىنىچە ئۈچ- تۆتى بىر توپ بولۇپ، ئۆرە تۇرۇپ پاراڭلىشىدۇ. قوشنىلار بىنا ئالدىغا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىلارنىڭ سانىغا قاراپلا كىمنىڭكىدە يىغىلىش بولغانلىقىنى جەزىملەشتۈرەلەيدۇ. بىر ئۆيدە يىغىلىش بولغانلىق بىلەن باشقا قوشنىلارنىڭ نورمال تۇرمۇشى ئاۋارىچىلىققا ئۇچرىمايدۇ.

كوچىلار تىنچ، بىخەتەر، گۈزەل بولغان؛ ئاھالىلەر ئەدەبلىك، مەدەنىي ۋە چىقىشقاق بولغان؛ كىشىنىڭ قۇلاق- مېڭىسىنى يەيدىغان جاز مۇزىكىسىنىڭ ئاۋازى ۋە بالىلارنىڭ ۋارقىراپ- جارقىرىشىدىن خالىي بولغان؛ ھەممە ئائىلە تېپتىنچ ھالدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولىدىغان تۇرالغۇ مۇھىتى بىلەن قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى — ھازىرقى ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئىنتىلىشىدۇر.

(قاھار ئوسمان تەرجىمە قىلدى)

## «جەزبدار گۈلدەستىلەر» ناملىق كىتابنى كۆرۈشكە ئالدىراڭ

» جەزبدار گۈلدەستىلەر» ناملىق چىرايلىققىنا بىر كىتاب پات ئارىدا كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ. بۇ كىتابقا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ **«مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ»**، **«گۈلدەستە»**، **«جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»**، **«ئوقۇرمەنلەر ساداسى»** قاتارلىق سەھىپىلىرىدە ئېلان قىلىنغان ساقلاش، قايتا -قايتا ئوقۇش قىممىتىگە ئىگە سەرخىل ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب ژۇرنىلىمىزنىڭ 10 يىللىق جەۋھەرلىرىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ژۇرنىلىمىزنىڭ ئىلگىرىكى سانلىرىنى كۆرەلمىگەن ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەقەززالىقىنى قاندۇرىدۇ، ئەقىللىق ئوقۇرمەنلەرگە ئاجايىپ زور ئېستېتىك زوق بېرىدۇ. ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 10 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان بۇ كىتابقا يەنە ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇھەررىر خادىملارنىڭ رەڭلىك سۈرىتى، قىسقىچە تەرجىمىھالى، بېغىشلىما سۆزى، شۇنداقلا شۆبە ئىدارىمىزدىكى بارلىق خادىملارنىڭ سۈرىتى بېرىلگەن. بۇ كىتاب مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى. شۆبە ئىدارىمىز تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ. 36 فورمات، 360 بەت، باھاسى 11 يۈەن.

100 نۇسخىدىن ئارتۇق سېتىۋالغۇچىلارغا باھادا % 20 ئېتىبار بېرىلىدۇ. خەت- ياكى تېلېفون ئارقىلىق ئالاقىلىشىشقا بولىدۇ.

ئالاقىلىشىش تېلېفونى:

2837021، 2308564

# «ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى»دىن ئۆزىمىزگە بىر نەزەر

كەلسۈيەر

قاھار ئوسمان تەرجىمە قىلىپ تەۋسىيە قىلغان «ئامېرىكىلىقلارنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتى» سەرلەۋھىلىك قىسقىغىنە ماقالىدە سۈرەتلەنگەن كىشىلىك مۇناسىۋەت مۇھىتى نەقەدەر ئارامبەخش ـھە! قاراڭ: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىچىككىنە دۇنياسىدا تەرتىپلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، قاراملارچە باشقىلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىش، ئۆيمۇئۆي قاتراپ «چاقىرمىغان مېھمان» بولۇش كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ، ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ ئەدەب ـ قائىدە ئۇقىدۇ: بىر-بىرىنىڭكىگە ئۇدۇللا بېرىپ، ۋارقىراپ ـجارقىراپ يۈرمەيدۇ، كارىدورلاردا قىقاس- چۇقان كۆتۈرمەيدۇ... ھەتتا بىرەر ئائىلە مېھمان چاقىرغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيىدىن ۋارقىراپ-جارقىرىغان ئاۋازلار ئاڭلانمايدۇ.

ئەمما ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، قوشنىدارچىلىقنىڭ «مەزمۇنى ناھايىتى مول»: بەزى چاغلاردا ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدا «كىچىك پادىشاھ»لارنىڭ سۈرەن- چۇقانلىرى، تار ھويلىلاردا پۇتبول تېپىشلىرى دەستىدىن چۈشلۈك دەم ئېلىشمۇ ئارامخۇدا ئۆتمەيدۇ، ئاخشاملىرى ھەتتا يېرىم كېچىلەرگىچە كارىدورلاردا تاقىلىق ئات-ئېشەكلەر تاراقلىشىپ ماڭغاندەك تاراق- تۇراق سادالار ئاللىبۇرۇن ئۇيقۇغا كەتكەن كىشىلەرنىڭ چۈشلىرىنى بۇزۇپ، قورۇ ئىچىگە بۇلاڭچى-قاراقچىلار كەلگەندەك ۋەھىمىلەرنى پەيدا قىلىدۇ؛ بىرەر ئۆيگە مېھمان چىللانسا، باشقىلارنى ئۇقماي قالمىسۇن دېگەندەك، ئىشىكلەر كەڭ ئېچىۋېتىلىپ، ئالتاغىل تۇۋلاشلار، يېتىم ئوغلاقتەك تىنىقسىز مەرشلەر پۈتكۈل بىنانى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋېتىدۇ. باشقىلارنىڭ تىنچ تۇرمۇشىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغان بۇنداق مەدەنىيەتسىز قىلىقلاردىن قىلچە نومۇس قىلىنمايدۇ. ئارام ئېلىشقا تەسىر يەتكەن ئائىلىلەر ۋە كىشىلەر ئۇنداق مەدەنىيەتسىزلەرنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ سىلىق-سىپايە ئەسكەرتىش بەرسە، مازاق -مەسخىرىگە ئۇچرايدۇ؛ نۇرغۇنلىغان كۆڭۈلسىزلىك، ئۇرۇش-جېدەللەر مانا شۇنىڭدىن باشلىنىپ، ئىناقسىزلىق، بىر-بىرىگە كۆز ئالايتىشلار، غەيۋەت- شىكايەتلەر شۇ سەۋەبتىن كۆپىيىدۇ.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەتتىكى بۇنداق ئوخشاشماسلىقتا ئىپادىلەنگىنى، ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ساپاسى ۋە قىممەت قارىشى جەھەتتىكى پەرقتىن ئىبارەت. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى مەدەنىيلىك ۋە مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ روشەن پەرقى شۇكى، مەدەنىيەت ساپاسى قانچىكى يۇقىرى كىشىلەر ئۆزگىگە ھەرگىز دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيدۇ؛ مەدەنىيەتسىز كىشىلەر، يەنى ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەر ئۆزگىگە دەخلى يەتكۈزۈشنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە زىت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايدۇ ياكى ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، «يۈزۈمنىڭ قېلىنلىقى جېنىمنىڭ راھىتى» دېگەن قىممەت قارىشى بويىچە، نومۇس ھېس قىلماي يۈرۈۋېرىدۇ. ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئۆزىنىڭ مەدەنىيەتسىزلەر قاتارىدا ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالماي، ئۆزىنى «نوچى» چاغلاپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۆزىنى سورىمايدىغان ئۇنداق كىشىلەرنىڭ بالىلىرىمۇ بەدقىلىق بولىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بالىسىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە، ئاتا-ئانىسىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا باھا بەرگىلى بولىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ۋە قوشنىدارچىلىقتا مەدەنىي بولۇش، بىر-بىرىگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەسلىك يۇقىرى پەن-تېخنىكىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇ، ئۆزىنى سوراشنى بىلىدىغان يۈزى نېپىز كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئورۇندىيالايدىغان ئاددىي ئىش. بىزدە «ئۆزىنى سورىغان كىشى شەھەر سوراپتۇ» دېگەن سۆز بار. بۇ، ئۆزىنى سورىغان، ئۆزىنى باشقۇرۇشنى بىلگەن، باشقىلارغا دەخلى يەتكۈزمىگەن كىشى ـــ باشقىلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ، دېگەن مەنىدە ئېيتىلغان. ئەگەر ھەممە كىشى ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئاڭلىق رىئايە قىلسا، ئۆزىنى دەپ ئۆزگىگە دەخلى يەتكۈزمىسە، قوشنىلار ئىناق ئۆتىدۇ، ھەممە كىشى ئىناق ئۆتىدۇ؛ مىللەتلەرمۇ ئىتتىپاقلىشىدۇ، جەمئىيەتتە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان ئارامبەخش تۇرمۇش مۇھىتى بارلىققا كېلىدۇ. بۇ، ھەممە كىشىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە باغلىق، ئەلۋەتتە.

ھېكمەت: زېرىكىش بىكارچىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. ـــ ستېندال

# 10 يىللىق ئەجىر ـ مېھنەت مېۋىسى ــ «مىللەتلەر مۇزېيى»

● ليۇيۇي ●

10 يىل تەييارلىق قىلىنغان «جۇڭگو مىللەتلەر مۇزېيى» ئاخىر 1995ـ يىل 7ـئاينىڭ 14ـكۈنى بېيجىڭ خان سارىيىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى فۇيۇ ئىبادەتخانىسىدا رەسمىي ۋىۋىسكا ئاسقاندى. بۇ بەلكىم جۇڭگودىكى ھەر خىل مۇزېيلار ئىچىدە تەييارلىق كۆرۈلگەن ۋاقىت ئەڭ ئۇزۇن بولغان مۇزېي بولۇشى مۇمكىن. 10 يىللىق سەرگۈزەشتىگە ئىگە بولغان مۇزېينى كۆرۈش پۇرسىتىگە بولغان خۇشاللىق ئىچىدە ئېرىشەلمىدۇق.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى» 1984ـ يىل 10ـئاينىڭ 27ـكۈنى بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ئېچىلغان، بۇ يىغىننى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىرلىكتە چاقىرغانىدى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش ۋۇجىڭخۇا يىغىننى ئېچىش نۇتقىدا جۇڭگو مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگو ئاخبارات ئاگېنتلىقى شۇ يىلى 27ـ ئۆكتەبىردە «جۇڭگودا مىللەتلەر مۇزېيى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقانلىقى» توغرىلىق خەۋەر ئېلان قىلدى. خەۋەردە: «ھەجىمى 80 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان، جۇڭگوچە ئۇسلۇبتا، جۇڭگوچە سالاپەتكە ئىگە بولغان بۇ چوڭ تىپتىكى زامانىۋى مۇزېي جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش مەركىزى، ماتېرىيال مەركىزى ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ساقلاش مەركىزى بولۇپ قالىدۇ. ئۇ جۇڭگونىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىرى» دېيىلگەنىدى.

1985ـ يىل 3ـئايدىن 7ـئايغىچە مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى بىر مەزگىللىك «مىللەتلەر مۇزېيى ئۈچۈن تەربىيىلەش كۇرسى» ئاچتى. بۇ كۇرسنىڭ كۇرسانتلىرى مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن ئۆلكىلىرىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ 10 نەچچىسى جۇڭگو مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ خادىمى ئىدى.

سىياسىي ئىقتىساد، پەلسەپە قاتارلىق ئاساس نەزەرىيە دەرسلىرى ۋە ئارخېئولوگىيە، مۇزېيشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق قاتارلىق كەسپىي دەرسلەر بويىچە تەربىيىلەنگەن كۇرسانتلار مىللەتلەر مۇزېيى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن، 1985ـ يىلى يازدا ئۆز ئۆلكىلىرىگە قايتىشتى. جۇڭگو مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىدىن كەلگەن 10 نەچچە كۇرسانتمۇ مۇزېيلارنى ۋە يەنبىيەندىكى چاۋشيەنزۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتا شەرقىي شىمالدىكى 3 ئۆلكىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار 8ـئاينىڭ ئاخىرىدا بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ، يەنە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش ئۈچۈن خەينەن ئارىلىغا بېرىش تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى.

جۇڭگو مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى خەينەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ 23 خادىمى 10ـئاينىڭ ئاخىرىدا گۇاڭجۇغا يېتىپ باردى. ئۇلار 11ـئاينىڭ 1ـكۈنى، گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان پروفېسسور فېي شاۋتۇڭنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. فېي شياۋتۇڭ ئاقساقال ئۇلارنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «جۇڭگو مىللەتلەر مۇزېيىنى قۇرۇش بىزنىڭ نەچچە 10 يىلدىن بۇيانقى ئارزۇيىمىز ئىدى. 50ـيىللارنىڭ باشلىرىدا ۋۇزېلىن ئەپەندى بىلەن ئىككىمىز مەركىزىي كومىتېت ھال سوراش ئۆمىكىدىكىلەر بىلەن بىللە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بارغان، گۈيجۇ، گۇاڭشى قاتارلىق جايلاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە دائىر نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلىغانىدۇق، بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت يىغىلغان كىيىم-كېچەكلا نەچچە تاغار كەلگەنىدى .... شۇنىڭدىن ھازىرغىچە 30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئۇزاقتىن بۇيان مۇراجىئەت قىلىپ كەلگەن ئىشلار ئەمدىلىكتە رەسمىي باشلاندى. بۇنىڭدىن مەنمۇ خۇش بولدۇم. نۇرغۇن پېشقەدەم ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرمۇ خۇش بولدى. جۇڭگو 55 ئاز سانلىق مىللەت ياشايدىغان چوڭ دۆلەت، مىللەتلەر خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم. جۇڭگودا ئاشۇنداق بىر مۇزېي بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلماي تۇرۇپمۇ شۇ مۇزېي ئارقىلىق جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى ئېنىق كۆرەلەيمىز؛ ئۇلارنىڭ ئېتنوگرافىيىسى، تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى، ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايمىز؛ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ۋە چەت ئەللىك دوستلارغا جۇڭگونىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ۋە قولغا

كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى بىلدۈرەلەيمىز. بۇ، مىللەتلەر مۇزېيىمىزنىڭ مۇھىم روللىرىدىن بىرى.» ئاخىرىدا فېي شياۋتۇڭ ئاقساقال ئەتىرەت ئەزالىرىغا مۇنداق دېدى: «ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھات سىياسىتى يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ، خەنزۇلار رايونىلا ئەمەس، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىمۇ ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ھەرگىز ھازىرقى سەۋىيىدە تۇرۇۋەرمەيدۇ. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىلگىرىكى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى خاتىرىلىۋېلىشتىن ئىبارەت. بۇمۇ قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ قىياپىتىنى ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارقىلىق خاتىرىلىۋېلىشىمىز كېرەك. ۋەزىپە ئېغىر، مەسئۇلىيەت چوڭ، خىزمەت نازۇك، يولداشلارنىڭ تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

خەينەن خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى خەينەن ئارىلىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ لىزۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىش ۋە تەكشۈرۈش بىلەن 3 ئاي شۇغۇللاندى. خىزمەت گەرچە جاپالىق بولسىمۇ، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن، ئىنتايىن زور نەتىجىلەر ھاسىل قىلىندى. يىغىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىلا 2800 گە يەتتى. لىزۇلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە دائىر بىر فىلىممۇ ئىشلەندى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك ماتېرىياللار سۈرەتكە ئېلىندى.

شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە يىغىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئاساس قىلغان «خەينەن ئارىلىدىكى لىزۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى كۆرگەزمىسى» 1986- يىل 8-ئاينىڭ 14-كۈنى بېيجىڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ئېچىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

1988-يىل 8-ئايدا مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 2-قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش خىزمىتى باشلاندى. تەكشۈرۈش خادىملىرى ئىككى يۆنىلىشكە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى: بىر يۆنىلىشتىكىلەر ئولۇنچۈن، ئېۋېنكي قاتارلىق مىللەتلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن شەرقىي شىمالغا ئاتلاندى؛ يەنە بىر يۆنىلىشتىكىلەر شىشۇاڭبەننادىكى جىنو، دەيزۇ مىللەتلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جەنۇبقا ئاتلاندى. بۇ قېتىم خىراجەت يېتىشمىگەنلىكتىن، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى يىغىۋېلىنماي، «كەلگۈسىدە خىراجەت يېتەرلىك بولغاندا نەرسىنىڭ ئۆزىنى سۈرەتكە قاراپ تاپىمىز ياكى بولمىسا سۈرەت ۋە يېزىق چۈشەندۈرۈشى بويىچە تەقلىد قىلىپ ياسايمىز» دېگەن ئۈمىد بىلەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆپلەپ سۈرەتكە ئېلىندى ھەمدە ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا يېزىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە نۇرغۇن سۈرەت ۋە يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلدى. بۇ «جىنولارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەزكىرىسى» ناملىق كىتابنىڭ ئورنىغانلىنى ۋە «مەنفېن كەنتىدىكى دەيزۇلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» ناملىق بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1990- يىل 6-ئايدا مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى ئولۇنچۈن خوشۇنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئولۇنچۈن خوشۇنى مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمە ئېچىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن 3-قېتىملىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئۇيۇشتۇردى. تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش خىراجىتىنى پۈتۈنلەي ئولۇنچۈن خوشۇنى چىقاردى.

1991- يىل 12-ئايدا، مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى شەنشى ئۆلكىلىك تارىخ مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن شىئەنگە ئادەم ئەۋەتتى.

1993-يىل قىشتا، مىللەتلەر مۇزېيىغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ ئىشخانىسى ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئورنى — فۇيۇ ئىبادەتخانىسىغا كۆچۈرۈلدى. مىللەتلەر مۇزېيى ئۆزىنىڭ ۋەۋىسكىسىنى ئاسماي تۇرۇپلا، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىغا ئادەم ئەۋەتىپ، بىر قېتىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغدى؛ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇزېيىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى.

مىللەتلەر مۇزېيى 10 يىلنى باشتىن كەچۈرۈپ، «تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى» دېگەن نامنى ئاخىر ئېلىۋەتتى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جىنيۈەنىڭ ۋىۋىسكا ئېسىش سۆھبەت يىغىنىدا دېگىنىدەك مۇنداق بولۇشى مۇمكىن: «ۋىۋىسكا ئېسىش بىلەنلا ئىش پۈتكەن بولمايدۇ. يەنە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. كېيىنكى قەدەمدە خارابىيلارنى تاللاشقا، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭغىمۇ 10 يىل كېتىدۇ. 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، ئۇلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىراسلىرىنى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رەتلەشكە توغرا كېلىدۇ، ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر.» مىللەتلەر مۇزېيىنىڭ خادىملىرى بۇ ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا، داۋاملىق تىرىشقۇسى.

(زايىت رەھىم تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

# تېخىمۇ گۈللە، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى!

## ــ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 10 يىللىق مەرىكىسىگە بېغىشلايمەن

● تۇرغۇنجان ئابلا تېرىمى ●

مەن ناھايىتىمۇ يىراق، خىلۋەت سەھرا قوينىدىكى قىزغىن ئوقۇرمەن. بۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، مەن مەزكۇر ژۇرنالنى ژۇرنال دۇنياغا كۆز ئاچقاندىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. سەھىپىسىنىڭ كەڭ ۋە سەرخىللىقى، مەزمۇنىنىڭ مول‌لۇقى، كۈچلۈك جەلپكارلىقى بىلەن مەن ۋە ماڭا ئوخشاش نەچچە مىڭلىغان ئوقۇرمەنلەرگە كاتتا مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ كېلىۋاتقان ئۇشبۇ ژۇرنالدىن بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئايرىلالمايمەن. مول بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، نەزەر دائىرەمنىڭ كېڭىيىپ، دۇنيانى بىلىشكە ۋە مەملىكىتىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىنى، مىللىتىمىزنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى چۈشىنىشتە پۇختا ئاساس يارىتىپ بېرىۋاتقان مەزكۇر «بىلىم خەزىنىسى»نى قانداقمۇ يېنىمدىن ئايرىغۇم كەلسۇن؟! بۇ ژۇرنال مەيلى تاماققا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا بولسۇن، مەيلى ئەمگەك قايىنىمدا تەرگە چۈمگەن ۋاقتىمدا بولسۇن، ھامان يېنىمدا. بىلىم بەرگەن ئۇستازدىن كۆزى ئېچىلىپ، راھەت تۇرمۇشقا ئىگە بولغان شاگىرتنىڭ قەلبىدە ئۇستازىنىڭ سىماسى ھامان گەۋدىلىنىپ تۇرغاندەك، مەزكۇر ژۇرنال ھامان قولۇمدا.

مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، بىر كۈنى سىنىپ مەسئۇلىمىز مۇشۇ ژۇرنالدىن بىر نۇسخىنى كۆتۈرۈپ سىنىپقا كىرگەنىكەن، ئۇستازىمىز ھەممىمىزگە بۇ ژۇرنالنىڭ مەزمۇن دائىرىسىنىڭ ناھايىتى كەڭلىكىنى، باشقا ژۇرناللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى، كۆرگەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالىدىغانلىقىنى، كونكرېت مىساللار بىلەن قىزىقارلىق قىلىپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە مۇشۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇشىمىزنى تەۋسىيە قىلدى. بۇ، دەل يېڭى يىللىق گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش ۋاقتى ئىدى. بىز ژۇرنالنى سىنىپ ئىچىدە تالىشىپ بەس-بەستە كۆرۈپ چىقىپ، كۆرگەنسېرى كۆرگىسى كېلىدىغان، ئادەمگە ھەقىقىي نەپ بېرىدىغان ياخشى ژۇرنال ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇق -دە، سىنىپتىكى 38 ئوقۇغۇچىدىن 19 نەپىرىمىز مەزكۇر ژۇرنالغا شۇ چاغدىلا مۇشتەرى بولدۇق. راست گەپنى قىلسام، شۇ چاغدا يېنىمدا پەقەت پۇل يوق، تاماق بېلىتىمنى سېتىپ مۇشتەرى بولغانىدىم... مانا، ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. جەمئىيەتكە چىققاندىن بۇيانمۇ مەزكۇر ژۇرنالنى يېنىمدىن زادىلا ئايرىمىدىم. ھەر بىر سان يېڭى ژۇرنال قولۇمغا تەگكىچە پوچتىكەشنىڭ يولىغا قاراپ كۆزۈم تۆت بولىدىغان بولدى.

نۆۋەتتە، ژۇرنال سەھىپىلىرى تېخىمۇ كۆپىيىپ، مەزمۇنى تېخىمۇ جانلاندى ۋە بېيىدى؛ جەلپكارلىقى، قىزىقارلىقلىقى ۋە بەدىئىيلىكى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. شۇڭا ئۇ ھازىر 90 مىڭغا يېقىن ئوقۇرمەننىڭ يېقىن سىردىشىغا ئايلاندى. بۇ ژۇرنالدىكى «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات»، «جاھانغا نەزەر»، «تۆھپىكارلار»، «بېيجىڭدىكى ئۇيغۇرلار»، «مىللىتىم ھەققىدە پارالڭ»، «دۇنيا مىللەتلىرى»، «مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات»، «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»، «سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «كۈلكە خۇرۇچلىرى»، «ئوقۇرمەنلەر ساداسى»، «گۈلدەستە»، «گۈزەل سەنئەت گۈلزارى» قاتارلىق 20 نەچچە سەھىپە مېنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا، ئۆگىنىشىم ۋە خىزمىتىمگە بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلىپ باردى. ئۇ خىزمەتداشلىرىم، ئائىلە كىشىلىرىم، قۇرداشلىرىم بىلەن بولغان پاراڭ- سۆھبەتلىرىمىزنىڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. بۇ ژۇرنالغا قىزىقىش ۋە ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇش مەن ئۇچراشقان بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتى بولۇپ قاپتۇ.

مەن سانسىزلىغان ئوقۇرمەنلەرنى ئۆز ئىرتىشچانلىقلىرى ئارقىلىق رازى قىلىپ كېلىۋاتقان مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە ژۇرنالنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى قىزغىن قۇتلاقلايمەن!



تېخىمۇ گۈللە، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى، بىز ھامان ساڭا مۇھتاج...!

(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىسىدىن)

ETHNIC UNITY

# «ئالداش بايرىمى»نىڭ

# كېلىپ چىقىشى

ئاۋادا سىز 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەنگلىيىدە تۇرۇۋاتقان بولسىڭىز، بىراۋ سىزگە توساتتىن: «كارىۋاتتا يىلان تۇرىدۇ!»، «ئاشخانىدا ئوت كەتتى! تېز كېلىڭ!...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلسا، بۇ پۇتۇنلەي راست گەپ ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ، بىرەر دوستىڭىزنىڭ 1 - ئاپرېلدىكى «ئالداش بايرىمى»دا سىزگە قىلغان سوۋغىسى بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خىل ئادەت ناھايىتى ئۇزاق يىللار ئىلگىرىلا باشلانغان بولۇپ، ھازىرمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىنتايىن ئاددىي: يەنى 1 - ئاپرېل كۈنىگە تەۋە بىر سوتكا ۋاقىتنىڭ ئالدىنقى 12 سائىتىدە سىز خالىغان كىشىڭىزگە ئىختىيارىڭىز بىلەن چاقچاق قىلىپ، ئۇنى قۇدرىتىڭىزنىڭ يېتىشىچە كولدۇرلىتالايسىز.

تېلېۋىزور، رادىئو ۋە گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىمۇ زېھىن سىناش مەقسىتى قىلىنغان مەخسۇس پروگراممىلاردىن پايدىلىنىپ ئۆز ئىشتىراكچىلىرىنى ئالدايدۇ. مەسىلەن، بىر مەشھۇر ئويۇنمۇ رادىئو ئارقىلىق توقۇپ چىقىرىلغان. ئۇنىڭدا: غەيرىي جۇغراپىيىلىك شارائىت تۈپەيلىدىن ئەنگلىيىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا يەر شارىنىڭ تارتىش كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتمەكتە، دېيىلگەن ۋە رادىئو ئاڭلىغۇچىلاردىن ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇپ سەكرەپ بېقىشى ھەمدە ئەگەر ئۇلار ئادەتتىكى ۋاقىتتىكىدىن ئېگىزرەك سەكرىيەلىسە، دەرھال بۇيۇك برىتانىيە شىركىتىگە تېلېفون بېرىپ خەۋەرلەندۇرۇشى تەۋسىيە قىلىنغان. كېيىن بۇ شىركەت بىر قانچە يۈز ئورۇندىن كەلگەن تېلېفوننى قوبۇل قىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئۆزىنىڭ ناھايىتى يەڭگىللەپ قالغانلىقىنى ھەمدە ئۆيىنىڭ تورۇسى ئېگىزلىكىدە لەيلەپ يۈرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتقان. سائەت 12 بولغاندا راشۇ شىركەتنى ئاڭلىغۇچىلىرىغا بۇنىڭ ئەسلىدە 1 - ئاپرېل «ئالداش بايرىمى»دىكى رادىئو ئاڭلىغۇچىلارغا سۇنۇلغان بايراملىق پروگراممىا ئىكەنلىكى ھەققىدە بېشارەت بەرگەن.

بۇ خىل ئادەت ئەڭ دەسلەپ زادى قاچان باشلانغان؟

ئەسلىدە بۇ ئىش 1545 - يىلى يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكتىن پەيدا بولغان. ئەينى چاغدا نورۋېگىيىلىك لوف لىرپا ئىسىملىك بىر ئالىم لوندوندا، ئۇچۇشنىڭ سىرىنى تەتقىق قىلغان، ئالدىن ئىشلىگەن تەجرىبىسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. بىر كۈنى پادىشاھ ھېنرى Ⅷ لىرپا ئەپەندىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان. ئۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ «ئۇچۇش»نىڭ سىرىنى ئاخىرى تېپىپ چىققانلىقى 1 - ئاپرېل كۈنى پارلامېنت بىناسى ئالدىدا ئۇچۇش ماھارىتى كۆرسەتمەكچى ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان ھەمدە پادىشاھنى شۇ كۈنى پارلامېنت بىناسى ئالدىدىكى مەيدانغا كېلىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بىر قىسىم ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا 1 - ئاپرېل سەھەردىلا پارلامېنت مەيدانىغا كېلىپ لىرپا ئەپەندىنىڭ بۇ يەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇرغان. بىراق كەچكىچە ساقلىغان بولسىمۇ لىرپا ئەپەندى كەلمىگەن. شۇندىن ئېتىبارەن بۇ ئىش بىر خىل يالغانچىلىق شەكلىدە ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كىشىلەر ھەر يىلى مۇشۇ كۈنى ھەر خىل يالغان گەپلەر بىلەن باشقىلارنى ئالدايدىغان بولۇپ قالغان.

ئەمما، ئەينى چاغدا لوف لىرپا ئەپەندى ھەرگىز يالغان ئېيتماقچى ئەمەس ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ شۇ چاغدا ئۇچۇشنى ئۆگىنىپ بولغان. ئۇنىڭ پارلامېنت مەيدانىغا كېلەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى، شۇ كۈنى ئۇنىڭ ئۇچۇش ماشىنىسى دەرەخكە سوقۇلۇپ كېتىپ، پاچاقلىنىپ كەتكەن ۋە ئۆزىمۇ شۇ يەردە ھاياتىدىن ئايرىلغانىكەن.

ئەنگلىيىدىكى خېلى كۆپ كىشىلەر لوف لىرپا دېگەن ئىسىمنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى نورۋېگىيىدە ناھايىتى مەشھۇر. بۇ دۆلەتتە 1 - ئاپرېل كۈنى دۆلەت بايرىمى قىلىپ بېكىتىلگەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى ئۇچۇش ماھارىتىنىڭ ئېگىز قارلىق تاغ قىياسىدىن تېز سۈرئەتتە تېيىلىپ كېلىپ سەكرەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى بىلىدۇ. بۇ كۈنى كىشىلەر يەنە ئالىملار تەرىپىدىن مەخسۇس ئىجاد قىلىنغان، بېلىق، بانان، ھەسەل ۋە شاكىلات قاتارلىقلاردىن ئالاھىدە ياسالغان لوف لىرپا پىرەنىكىمۇ يېيىشىدۇ. «ئالداش بايرىمى» دېگەن ئاتالغۇمۇ «لوف لىرپا» دېگەن ئىسىمنى تەتۈر ئوقۇش ئارقىلىق پەيدا بولغان.

(ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغان)



ئىزاھ: لوف (Loof) دېگەن سۆزنىڭ تەتۈرى فۇل (Fool) بولۇپ، ئىنگلىزچە «ئەخمەق، ھاماقەت، ئەخمەق قىلىنغۇچى» قاتارلىق مەنىلىرى بار.

# سول كۆكرىكىڭىز ئاغرىغاندا...

● دىلنۇر تاجى●

ھەممىزگە مەلۇمكى، كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلى ئادەمنىڭ سول تەرەپ كۆكرەك قىسمى ئاغرىيدىغان ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. كىشىلەر يۈرەكنىڭ سول تەرەپكە جايلاشقانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، يۇقىرىقىدەك ئەھۋال كۆرۈلسە، يۈرىكىم ئاغرىدى دەپ زىيادە ئەندىشە قىلىشقا، جىددىيلىشىشكە باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، سول تەرەپ كۆكرەك قىسمى ئاغرىشىنىڭ ھەممىسىلا يۈرەك ئاغرىقى ھېسابلىنىۋەرمەيدۇ. ئۇنداقتا، بۇ خىل ئاغرىقنى قايسى كېسەللىكلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؟

سول تەرەپ كۆكرەك قىسمى ئاغرىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئادەم بەدىنىنىڭ سول كۆكرەك قىسمىغا جايلاشقان ئەزالارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئادەمنىڭ كۆكرەك قىسمىغا تېشىدىن ئىچىگە قاراپ قوۋۇرغا، قوۋۇرغا ئارىسى نېرۋىسى، كۆكرەك پەردىسى، ئۆپكە، يۈرەك، يۈرەك پەردىسى، قىزىلئۆڭگەچ، كۆكرەك ئومۇرتقىسى، شۇنىڭدەك بۇ ئەزالارنىڭ بەدەندىكى پائالىيىتىنى تەڭشەيدىغان ئاساسلىق نېرۋا تومۇرلىرى جايلاشقان. يۇقىرىقى ئەزالارنىڭ كېسەللىك ئىپادىلىرى ۋە ئۇلارنى داۋالاش ئۇسۇللىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. تۆۋەندە كلىنىكىدا كۆپ ئۇچرايدىغان بىر نەچچە خىل ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

**1. يۈرەك سانجىقى ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىرى:** يۈرەك سانجىقى ئاساسەن تاجسىمان ئارتېرىيە تارىيىشتىن ۋە سپازما بولۇپ، يۈرەككە ۋاقىتلىق قان يېتىشمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق 5 تۈرلۈك ئاساسلىق ئىپادىسى بار: (1) ئاغرىغان ئورۇن تۆش سۆڭىكىنىڭ ئوتتۇرىسى ياكى يۇقىرىقى $\frac{1}{3}$ قىسمى بولىدۇ؛ (2) كۆكرەك بېسىلغاندەك، ئېغىرلاشقاندەك، قىسقۇچ بىلەن قىسقاندەك ئاغرىيدۇ. ئاغرىق بويۇن، سول قول قاتارلىق ئورۇنلارغىچە تارقىلىدۇ؛ (3) زىيادە يول يۈرۈش، ئېغىر ھەرىكەت قىلىش، سوغۇقتا قېلىش، زىيادە ھاياجانلىنىش، ھەددىدىن ئارتۇق تاماق يېيىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قوزغىلىدۇ؛ (4) يۈرەك سانجىقى قوزغىلىپ، داۋاملاشقان ۋاقتى 2 ـ 3 مىنۇت بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ 15 مىنۇتتىن ئاشمايدۇ. ئاغرىق بىر نەچچە سېكۇنت ياكى بىر نەچچە سائەت داۋاملاشقان بولسا، يۈرەك سانجىقى ھېسابلانمايدۇ؛ (5) نىتروگلىتسېرىن (硝酸甘油) ئىشلەتكەندە ياكى ئارام ئالغاندا ئاغرىق توختايدۇ. بۇنداق ئىپادىدىن باشقىلىرى يۈرەك سانجىقى ھېسابلانمايدۇ.

**2. يۈرەك نېرۋا ئاغرىقى:** بۇ كېسەل يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكىنىڭ 10% نى ئىگىلەيدۇ. ئادەتتە 20 ـ 40 ياشقىچە بولغان ئاياللاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ، ھەيز توختاش مەزگىلىدىكى ئاياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ كېسەللىك قوزغالغاندا، بىمارلار داۋاملىق سول تەرەپ كۆكرەك قىسمىم ئاغرىيدۇ، دەپ قالىدۇ. ئاغرىقنىڭ داۋاملاشقان ۋاقتى بىر بولسا بىر نەچچە سېكۇنت، بىر بولسا بىر نەچچە سائەت داۋاملىشىدۇ. بىمارلار داۋاملىق چوڭ نەپەس ئالغانلىقتىن، ئاغرىق ئورنى سول تەرەپ كۆكرەك كۆكسى ئاستى ۋە يۈرەك ئەتراپىدا يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئاغرىقنىڭ ھېرىش- چارچاش بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. نىتروگلىتسېرىن پايدا قىلمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقا نېرۋا ئاجىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ماغدۇرسىزلىق، باش ئاغرىش، ئۇيقۇسىزلىق، كۆپ چۈش كۆرۈش، جىددىيلىشىش، ئوڭاي ھاياجانلىنىش قاتارلىقلار. بۇ كېسەللىكنى ئۇنۇملۇك داۋالاشتا بىمارلار بىلەن كۆپ سىردىشىش، كېسەللىك



ETHNIC UNITY

شەيتان لۇغىتى: ئالدىن چاي ئىچىۋېلىپ قويۇش — ئىقتىسادىي توختاملاردىكىگە ئوخشاش ئالدىن قويۇلغان رەنە. (ئابلىزساقى)

ئەھۋالنى، خاراكتېرىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇۋاپىق دەرىجىدە نېرۋا تەڭشەش دورىلىرىنى ئىشلىتىش لازىم. بەزى كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالنى يۈرەك سانجىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىگە روھىي يۈك قىلىۋالىدۇ.

**3. ياندۇرۇش خاراكتېرلىك قىزىلئۆڭگەچ ياللۇغى:** بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى: تۆش سۆڭىكىنىڭ ئارقىسى ئېچىشىپ قىزىيدۇ ھەم ئاغرىيدۇ. بولۇپمۇ، ئاغرىق ئالامىتى قورساق تويغاندىن كېيىن باشلىنىپ، ياتقان ۋە بەل ئېگىلگەن چاغلاردا كۆپ كۆرۈلىدۇ؛ ئېغىرلاشقاندا تاماق يۇتۇش قىيىنلىشىدۇ. بۇ كېسەللىكنى رېنتگېن، قىزىلئۆڭگەچ ئەينىكى قاتارلىق ئەسۋابلار ئارقىلىق ئېنىقلاپ، توغرا دىئاگنوز قويۇش؛ بۇ خىل كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاشتا ئاساسلىقى تاماقنى ئاز - ئازدىن، پات- پات يېيىش، تاماق يەپلا يېتىشتىن ساقلىنىش ياكى ياستۇقنى 10- 20 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە قويۇپ يېتىش كېرەك. قىزىلئۆڭگەچ شىلىمشىق پەردىسى زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇناسىۋەتلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىش كېرەك.

**4. ئۆت، ئۆت يولى كېسەللىكلىرى:** ئۆتكۈر ۋە ئاستا خاراكتېرلىك ئۆت ياللۇغى، ئۆتتە ۋە ئۆت يولىدا تاش پەيدا بولۇش كېسەللىكلىرىمۇ سول تەرەپ كۆكرەك قىسمى تەرىپىدە، يەنى يۈرەك ئالدى تەرىپىدىمۇ ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئاغرىقنىڭ ئالامىتى كۆپىنچە قورساق تويغاندىن كېيىن باشلىنىپ، ئۇزاق ۋاقىت داۋاملىشىدۇ. نىتروگلىتسېرىن ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ ئۈنۈم بەرمەيدۇ. بۇ خىل كېسەلنى داۋالاشتا، ئالدى بىلەن ئۆت يولى كېسەللىكلىرىنى داۋالاپ ساقايتىش زۆرۈر. شۇنداق قىلغاندا، سول تەرەپ كۆكرەك قىسمىدىكى بۇ خىل ئاغرىقلار ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ.

**5. ئۆتكۈر ئاشقازان ئاستى بېزى ياللۇغى:** بۇ خىل كېسەللىك ياش ۋە ئوتتۇرا ياش كىشىلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئادەتتە كۆپ مىقداردا ھاراق ئىچىش، قورساق بەك تويۇپ كېتىش، ياغلىق تاماقلارنى كۆپ يېيىش قاتارلىقلار بۇ كېسەللىكنى قوزغاشتىكى ئاساسلىق ئامىل بولۇپ، كلىنىكىدىكى ئاساسلىق ئىپادىسى مۇنداق بولىدۇ: تۇيۇقسىز قوزغالغاندا، ئوتتۇرا، يۇقىرى قورساق قىسمى داۋاملىق قاتتىق ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، قىزىش، تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىش، ھەتتا تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ؛ بىر قىسىم كىشىلەردە قان بېسىمى تۆۋەنلىگەن ۋە ھوشىدىن كەتكەن ۋاقىتتا، تاجىسمان يۈرەك قان تومۇرىغا قان يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ-دە، يۈرەك مۇسكۇلىغا قان ۋە ئوكسىگېن يېتىشمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈرەك سانجىقى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق كېسەللەرنى داۋالىغاندا، ئاساسلىقى ئاشقازان ئاستى بېزى سۇيۇقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىشنى تورمۇزلاش كېرەك. ئاغرىق توختىتىش ئۈچۈن، نىتروگلىتسېرىن قاتارلىق دورىلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

**6. قوۋۇرغا ئارىسى نېرۋا ئاغرىقى:** بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە: (1) ئاغرىيدىغان ئارىلىقى 1- 2 قوۋۇرغا ئارىلىقىدا بولۇپ، سول كۆكرەك قىسمىغا جايلىشىپمۇ قالمايدۇ. (2) ئاغرىغاندا سانجىپ ئېچىشىپ ئاغرىيدۇ، كۆپ ھاللاردا داۋاملىق ئاغرىيدۇ، قوزغىلىشچان خاراكتېردا بولمايدۇ. (3) كۆپىنچە يۆتەلگەندە، كۈچەپ نەرسە كۆتۈرگەندە، بەدەن زىيادە تولغانغاندا ئاغرىق كۈچىيىدۇ. نېرۋا بار ئورۇنلار بېسىلسا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. قولنى ئېگىز كۆتۈرگەندىمۇ بەدەننىڭ مەلۇم جايلىرىدا ئاغرىق پەيدا بولىدۇ. داۋالاشتا ئادەتتىكى ئاغرىق توختىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ بەرسە بولىدۇ.

**7. بويۇن ئومۇرتقا، كۆكرەك قەپىزى، مۈرە كېسەللىكلىرى:** بۇ ئاساسەن بويۇن، كۆكرەك، ئومۇرتقا كېسەللىكلىرى بولۇپ، ئاغرىق ئادەتتە كۆكرەك بىلەن سول قول ئارىلىقىدا پەيدا بولىدۇ. بۇ كۆكرەك ياكى قولنىڭ ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئادەتتە ھېرىش- چارچاش بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى بولمايدۇ. داۋالاشتا، ئاساسەن كېسەللىكنىڭ ئېغىر- يېنىكلىكىگە قاراپ داۋالاش ئېلىپ بارساق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سول تەرەپ كۆكرەك ئاغرىسىلا يۈرەك سانجىقى دەپ قاراپ، دورىنى كەلسە- كەلمەس ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. تىپىك يۈرەك سانجىقى ھەيز كۆرۈشتىن توختىغان بەزى ئاياللاردا پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل كېسەللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى، بولۇپمۇ تاماقنى مەلۇم نىسبەتتە كونترول قىلىش، سەمرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە قاندىكى ماي ۋە قەنت تەركىبىنى، قان بېسىمى قاتارلىقلارنى ۋاقتىدا تەكشۈرتۈپ تۇرۇش لازىم.



(ئاپتور: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قارمىقىدىكى 1- دوختۇرخانا كادىرلار 3- بۆلۈمىدە مەسئۇل ۋراچ)

ETHNIC UNITY

## كىتاب ئوقۇش ۋە خاراكتېر

**1. رومانلىك ھېكايە - رومانلارنى ئوقۇشقا ئامراق كىشى:** ھېسسىياتقا باي، بىۋاسىتە تۇيغۇسىغا ئىشىنىدىغان، تۇرمۇشقا نىسبەتەن تولۇپ- تاشقان ئۈمىدۋار، بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇنى قانداق داۋالاپ تېز ساقايتىۋېلىشنى بىلىدىغان كېلىدۇ.

**2. بىئوگراپىك ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا ئامراق كىشى:** كوچىلاپ سوراشقا ئامراق، ئېھتىياتچان بولۇپ، بىرەر قارارغا كېلىشتىن ئاۋۋال، مەسىلە ئۈستىدە چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئويلىنىۋالىدۇ.

**3. كىچىك كېزىتلەرنى ئوقۇشقا ئامراق كىشى:** ھېسسىياتچان، ئۈمىدۋار بولۇپ، ئېيتىپ تۈگىتەلمەيدىغان گەپ- سۆزگە باي بولىدۇ، پاراڭلىشىش سەنئىتىگە چەكسىز زوق ئىشتىياق بەخش ئېتىدۇ. ئۇنداق كىشى ئىشخانىدىكى يادرولۇق ئادەم ھېسابلىنىدۇ.

**4. شېئىر ئوقۇشقا ئامراق كىشى:** تەبىئەت ۋە ھايۋاناتنىڭ تۇغما ياخشى كۆرگۈچىسى بولۇپ، ھەمىشە ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا كىرەلەيدۇ ۋە ئۆزى توغرىلىق ئويلىنىپ تۇرالايدۇ.

**5. ئىلمىي فانتازىيىلىك كىتابلارنى ئوقۇشقا ئامراق كىشى:** يۈكسەك دەرىجىدە تەسەۋۋۇر كۈچىگە ۋە ئىجادچانلىققا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى چىرايلىق قىلىپ لايىھىلىيەلەيدۇ.

**6. تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇشقا ئامراق كىشى:** ئۈنۈمنى قوغلىشىدىغان بولۇپ، ۋاقىتنى بىرەر ئىجابىي ئىشقا سەرپ قىلىشقا رازىكى، مەنىسىز قۇرۇق پاراڭلارغا ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ. ئۆمرىدە قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتلەرگە ئۆچ كېلىدۇ.

**7. رازۋېدكا ھېكايىلىرىنى ئوقۇشقا ئامراق كىشى:** مۇسابىقىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان بولىدۇ، جىددىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ، بەزى ئادەتتىكى ئادەملەر باش- ئايىغىغا چىقالمايدىغان باش قېتىنچىلىققا ئۇچرايدىغان مەسىلىلەرگىمۇ ھارماي- تالماي ياردەم بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

## تۇرمۇشقا تەبىر

تۇرمۇش — يار. ئۇنى سۆيۈش كېرەك.

تۇرمۇش — ئاق قەغەز. ئۇنىڭغا كۆڭۈلدىكىدەك رەسىملەرنى سىزىش كېرەك.

تۇرمۇش — پۇرسەت. ئۇنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك.

تۇرمۇش — گۈزەللىك. ئۇنى مەدھىيىلەش، قوغلىشىش كېرەك.

تۇرمۇش — سەپەر. دەرھال يولغا چىقىش كېرەك.

تۇرمۇش — خەير- ئېھسان. ئۇنى قوبۇل قىلىش كېرەك.

تۇرمۇش — تەۋەككۈلچىلىك. ئۇنى باشتىن كەچۈرۈپ بېقىش كېرەك.

تۇرمۇش — ئويۇن. ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولۇش كېرەك.

تۇرمۇش — مەسئۇلىيەت. ئۇنى ئادا قىلىش كېرەك.

تۇرمۇش — نىشان. ئۇنىڭغا يېتىش كېرەك.

تۇرمۇش — كۈرەش. ئۇنىڭغا قاتنىشىش كېرەك.

تۇرمۇش — ھەسرەت چېكىش. ئۇنىڭغا خاتىمە بېرىش كېرەك.

(«تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى جەۋھەرلىرى»دىن مۇقەررەپ توختى تەۋسىيە قىلغان)

**شەيتان لۇغەت: ھاجەتخانا — كىرمىسىڭىز تۇرالمايدىغان، قونغىلى بولمايدىغان مېھمانخانا. (ئەركىن ئەبەيدۇللا)**

## كىشىلىك تۇرمۇشتا

ئەڭ زور ھاسىلات — تەجرىبە ۋە ساۋاق.
ئەڭ زور ئەخلاق — پاكلىق ۋە ساداقەتلىك.
ئەڭ زور تەسەللى — دوستلۇق ۋە ئىشەنچ.
ئەڭ زور لەززەت — ئىزدىنىش ۋە ئىجادىيەت.
ئەڭ زور بايلىق — بىلىم ۋە ۋاقىت.
ئەڭ زور ئاقىلانىلىك — ئۆزىنى تونۇش.
ئەڭ زور ئەخمەقلىق — ئۆزىنى ئالداش.
ئەڭ زور قايغۇ — بىلىمسىزلىك ۋە بىمەنىلىك.
ئەڭ زور نومۇس — ۋىجداننى بۇلغاش.

(مۇقەررەپ توختى تەۋسىيە قىلغان)

## ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس ئۇزۇقلۇقتىن ئېشىپ چۈشىدۇ

»ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس كەڭ بولسا، ئۈنۈمى ئۇزۇقلۇقنى ياخشى يېگەندىن ئېشىپ چۈشىدۇ» دەيدىغان بىر تەمسىل بار. بۈگۈندىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەس - قىزىقىش تۇرمۇشقا بولغان ئىشتىياقنى كۈچلەندۈرۈپلا قالماستىن، ئىدىيىۋى ئۇزۇقلۇقنىڭ مەنبەسىمۇ بولالايدۇ. بىرەر خىل ھەۋەس - قىزىقىش ئەمەلىيەتتە بەدەن ھەرىكىتىنىڭ نورمال بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان «بىخەتەرلىك كلاپانى» ھېسابلىنىدۇ. تېببىي ساھەدىكى بەزى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسنىڭ كېسەل داۋالاش قىممىتى بار ئىكەن. ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسنىڭ چارچاش - ھارغىنلىقنى چىقىرىش ۋە نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش جەھەتتىكى رولى دورىنىڭ رولىدىن ئۈنۈملۈك ئىكەن.

ھۆسن خەتكە ھەۋەس قىلىش ئۆمرىڭىزنى ئۇزارتالايدۇ.

بېلىقنى تاماشا قىلىش يۇقىرى قان بېسىمىڭىزنى تەڭشىيەلەيدۇ.

مۇزىكا ئاڭلاشقا ھەۋەس قىلىش ئىشتىھايىڭىزنى ئاشۇرالايدۇ.

گۈل بېقىشقا ھەۋەس قىلىش مىجەزىڭىزنى تاۋلىيالايدۇ.

رەسىم سىزىشقا ھەۋەس قىلىش تەپەككۇرىڭىزنى كېڭەيتىدۇ.

يېزىقچىلىققا ھەۋەس قىلىش تەسەۋۋۇرىڭىزنى بېيىتالايدۇ.

شاھمات ئويناش ھەۋەسى كەيپىياتىڭىزنى پەسەيتەلەيدۇ.

پوچتا ماركىسى يىغىشقا ھەۋەس قىلىش بىلىم دائىرىڭىزنى كېڭەيتەلەيدۇ.

رېئال تۇرمۇشتا ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسى بولمايدىغان بىرەر ئادەممۇ تېپىلمايدۇ. دۆلەت رەھبەرلىرىدىن تارتىپ ئادەتتىكى پۇقرالارغىچە ھەركىمنىڭ ھەۋەس- ئىشتىياقى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ھەرقانداقلىكى بىر خىل ھەۋەس- ئىشتىياق سىزنى مەنىسىز كىچىك دائىرىدىن ھالقىپ چىقىشقا مۇيەسسەر قىلالايدۇ. ھەركىمنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسى بولىدۇ. مەنىۋى چۈشكۈنلۈك ۋە مەنىسىزلىك كىشىنى ئاسانلا قېرىتىۋېتىدۇ، تۇرمۇش شەكلى مول بولغاندا، ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزىرايدۇ.

(ياسىن ھاۋازى تەييارلىدى)

ETHNIC UNITY

# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

**سوئال:** پەن - تېخنىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ۋە نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، كەلگۈسىدە چوقۇم بىر تۈركۈم ئادەملەر تاشقى پلانېتىلارغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىدۇ، شۇ چاغدا سىلەر يەر شارىدىن ئايرىلماي ھازىرقى خىزمىتىڭلارنى داۋاملىق ئىشلەمسىلەر ياكى تاشقى پلانېتىلارغا چىقىپ، ئۇ يەردە يېڭىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى چىقىرامسىلەر؟

— ئۈرۈمچى شەھىرىدىن: ئالىمجان غەيرەت

**جاۋاب:** ئوقۇرمەنلىرىمىز قەيەرگە بارسا، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» مۇ شۇ يەرگە بارىدۇ.

**سوئال:** ئەگەر كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىز بەرگەن ھەزىل جاۋابلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقماي قالسا، باش مۇھەررىر سىزگە قانداق چارە قوللىنار؟

— غۇلجا شەھەر ئازاد يېزىسىدىن: شاۋكەت ئابلىز

**جاۋاب:** ھازىرچە ياقمىدى، دېگەننى ئاڭلاپ باقمىدۇق «سۇنى كۆرمەي ئۆتۈك سالمايلى».

**سوئال:** مەن تۆت تال ماتاشقىلا تايىنىپ، غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەم. ئاي ئاخىرى بولا - بولمايلا ماتاشىمدىن بىر تىيىنمۇ قالمايدۇ. شۇڭا ئاي ئاخىرىدىكى كۈنلىرىمنى قانداق ئۆتكۈزسەم بولىدۇ؟

— ئاۋات ناھىيىسىدىن: تۇراخۇن تۇردى

**جاۋاب:** ئاي ئاخىرى يېقىنلاشاي دېگەندە كەمىرىڭىزنى مەھكەم باغلىۋېلىڭ.

**سوئال:** مەن دائىم بىرەر ئەسەر يېزىپ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا ئەۋەتىشنى ئويلايمەن، بىراق ژۇرنال يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھەر جەھەتتىن ياخشىلىنىپ، سۈپەتلىك چىقىۋاتقاچقا، مېنىڭ ئەرزىمەس ئەسەرلىرىم ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويامدىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولار؟

— خوتەن شەھىرىدىن: نۇرمۇھەممەت ئابدۇكېرىم

**جاۋاب:** سىزمۇ مەھسۇلاتىڭىزنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈڭ.

**سوئال:** مەن بىرەر پارچە شېئىر ياكى ھېكايە يېزىپ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. شۇ ئۈمىد بىلەن بىر مۇنچە ئەسەر ئەۋەتكەنىدىم، ئەپسۇس بىرەر پارچىسىمۇ ئېلان قىلىنماي كۆڭلۈم بەك پەرىشان بولدى. بۇ ئىشنى دوستۇمغا دېسەم، ئۇ ماڭا: «سەن ئەسەرىڭنى ئۆز نامىڭدا ئەمەس، بەلكى بىرەر داڭلىق يازغۇچى ياكى شائىرنىڭ نامىدا ئەۋەتىپ كۆرگىن» دەپ مەسلىھەت بەردى. سىزنىڭچە بۇ ئاقىلانە مەسلىھەتمۇ؟ ناۋادا شۇ ئەسەر ئېلان قىلىنىپ قالسا كۈلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ؟

— لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا كونا ھاڭگىيا مەكتەپتىن: ئەخمەتنىياز مەتنۇرى

**جاۋاب:** بۇ ئاتا - باللىق مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسلىھەت بولۇپتۇ. باشقىلارنىڭ ئىسىم-فامىلىسىنى قوللىنىشتا، مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى سىز ئالدى بىلەن دادىڭىزدىن مەسلىھەت ئېلىپ بېقىڭ.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، كىتاب - ژۇرناللاردا ئادەم تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە مايمۇندىن تەرەققىي قىلىپ پەيدا بولغان دېيىلگەن. ئادەم راستتىنلا مايمۇندىن پەيدا بولغان بولسا، بۇنىڭغا بىرەر پاكىت كۆرسىتىپ بېرەلەمسىز؟

— شىجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە فاكۇلتېتىدىن: ئەنۋەر لىتىپ

**جاۋاب:** مايمۇنلارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقى بۇنىڭ پاكىتى ئەمەسمۇ!

**سوئال:** دادام بىر كۈنى مەندىن: «تۆمۈرنى تالادا قويۇپ قويسا، دائىم ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرغاچقا داتلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئالتۇننى تالادا قويۇپ قويسا قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوراپ قالدى. مەن دەماللىققا بىر نېمە دېيەلمەي قالدىم. سىزنىڭچە ئالتۇننى تالادا قويۇپ قويسا قانداق بولىدۇ؟

— شىنجاڭ سودا مەكتىپىدىن: ئالىمجان ئابدۇللا

**جاۋاب:** قاراپ تۇرمىسىڭىز، ئىز - دېرەكسىز يوقلىپ

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ETHNIC UNITY

كېتىدۇ.

**سوئال:** مەن ھازىرغا قەدەر ئۆرۈمچىگە بېرىپ باقمىغان، كىشىلەردىن ئاڭلىسام، ئۈرۈمچىدە قىش بەك ئۇزاق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوغۇقمۇ قاتتىق بولىدىكەن. ياز كۈنلىرى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىدىن بوشىنىپ بولالمىغاچقا، قىشتا بېرىشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇڭا سوغۇق مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن بەزى تەييارلىق سىناقلىرىنى ئېلىپ باراي دېگەنىدىم. سىزنىڭچە تەييارلىق سىنىقىنى نەدىن باشلىسام بولار؟

ـــ كېرىيە ناھىيىسىدىن: ئىمىن ئوبۇل

**جاۋاب:** سوغۇق مۇھىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن تەييارلىق سىنىقىنى چوكا مۇز يېيىشتىن باشلاڭ.

**سوئال:** بازاردا تۇخۇم سېتىپ ئولتۇرسام، بىر كىشى كېلىپ: «قارا مېكىياننىڭ تۇخۇمىنى ئالىمەن» دەيدۇ. مەن قايسى تۇخۇمنىڭ قارا مېكىياننىڭ تۇخۇمى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئايرىيالمىدىم. مېنى بۇنداق تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتا قانداق ئەپچىل چارىڭىز بار؟

ـــ قۇمۇل شەھىرىدىن: سادىق ئابدۇراخمان

**جاۋاب:** خېرىدارغا: «ئۆزىڭىز تاللىۋېلىڭ» دەڭ.

**سوئال:** ئەگەر سىز بىپايان قۇملۇق ئىچىگە كىرىپ قالسىڭىز، دۆۋە ـ دۆۋە قۇملارنى كۆرۈپ، ئۆلۈمنى ئويلامسىز ياكى يىراق كەلگۈسىڭىزنىڭ گۈزەل سىماسىنى ئويلامسىز؟

ـــ لوپنۇر ناھىيىسىدىن: ئۆمەرجان ئېزىز

**جاۋاب:** مەن پەقەت «قەيەردىن ئازراق نان بىلەن سۇ تاپقىلى بولاركىنە» دېگەننىلا ئويلايمەن.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك تەھرىر، راكېتا قويۇلغاندا ئوت تۇتاشقان ھامان، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاسمان قەرىگە چىقىپ، كۆزدىن غايىب بولىدىكەن. راكېتا نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق تېز چاپىدۇ؟

ـــ غولجا شەھەر 7 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن: ئادىل ئابىت

**جاۋاب:** ساغرىسىغا ئوت تۇتىشىپ كەتسە كىممۇ جېنىنىڭ بارىچە قاچمايدۇ دەيسىز.

ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

## ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

### جاۋاب بېرىڭ

**سوئال:** ماڭا جاپا تارتمايدىغان، ئاسانلا پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىرەر چارە كۆرسىتىپ بەرگەن بولسىڭىز.

ـــ خوتەن ناھىيە يېڭىئېرىق يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتىن: ئەنۋەر نايىۋپ

**سوئال:** بىز كوچىدا كېتىۋېتىپ يېقىلىپ چۈشكەنلەرنى كۆرسەك ياردەم قىلماق تۇگۇل ئۇچەيلىرىمىز ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلۈشۈپ كېتىدىكەنمىز. سىزنىڭچە بۇ قانداق ئىستىل؟

ـــ ئۈچتۇرپان ناھىيە ئاقيار يېزىسىدىن: تۇرغۇن مىجىت

(بۇ ساندىكى ھەزىل جاۋابلارنى خەمىت نېمەت تەييارلىدى)

---

***ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلەر سەمىگە:***

*«ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «بەت ئاستى چىمەنزارى» سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ھەزىل تۈسكە باي قىلىپ چىقىرىش، تەھرىر بۆلۈم بىلەن كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ دوستلۇق رىشتىنى تېخىمۇ چىڭىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق مەزكۇر سەھىپىلەرنى ھەممە بىرلىكتە ئورتاق باشقۇرۇش مەقسىتىدە بۇ ساندىن باشلاپ **«ئەڭ ياخشى ھەزىل سوئال»، «ئەڭ ياخشى ھەزىل جاۋاب»، «ئەڭ قىزىقارلىق شەيتان لۇغەت»، «ئەڭ نادىر ھېكمەتلىك سۆز»**نى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرسىتىشى بويىچە تاللاپ چىقىپ مۇكاپاتلاشنى قارار قىلدۇق.*

*تاللاپ ئەسەر ئەۋەتىشكە ۋە تاللاپ تەۋسىيە قىلىشقا قىزغىن ئىشتىراك قىلغايسىز.*

*ـــ تەھرىر بۆلۈم*

ETHNIC UNITY

## كۆلكە خۇرۇچلىرى

### ھەرىكەت بىرلىكى

بىر ئادەم كىچىك بىر قاۋاقخانىدا دوستلىرىنى مېھمان قىپتۇ. مېھمانلار ئەمدىلا ھاراق ئىچكىلى تۇرۇشىغا ھېلىقى ئادەم رومكىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن بۇ رومكىدىكى ھاراقنى ئىچكەن ۋاقىتتا ئولتۇرغان ھەممەيلەن مەن بىلەن بىرگە ئىچسىلەر — دەپتۇ. ئۇ بىرىنچى رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر رومكا ھاراقنى قولىغا ئېلىپ:

— مەن ئىككىنچى رومكىدىكى ھاراقنى ئىچكەندە كۆپچىلىكمۇ ماڭا ئەگىشىپ ئىككىنچى رومكىنى ئىچىۋېتىشى لازىم، — دەپتۇ. ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بۇنداق سەممىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ ئىككىنچى رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئۇ ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، يانچۇقىدىن ئىككى دوللار پۇل چىقىرىپ پوكەيگە پاققىدە قويۇپتۇ - دە:

— مەن پۇل تۆلىگەندە، كۆپچىلىكمۇ ماڭا ئەگىشىپ پۇل تۆلىشىڭلار كېرەك، — دەپتۇ.

### سىز مۇشۇنداق دېگەن ئايالنىڭ بەشىنچىسى

باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالى نەرسە - كېرەك سېتىۋالغىلى بازارغا چىقىپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر مەن سودىگەرلەرگە كىم ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام ئۇلار چوقۇم نەرسىلىرىنى ئەرزان بېرىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېلىق سېتىۋالماقچى بولۇپ، بېلىقچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ بېلىق تاللىغاچ، ئۆزىنىڭ باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. بېلىق ساتقۇچى بۇنى ئاڭلاپ ھاڭ - تاڭ بولغىنىچە ھېلىقى ئايالغا قاراپلا قاپتۇ ۋە بىر ھازادىن كېيىن:

— سىز باج ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ نەچچىنچى خوتۇنى؟ بۈگۈن سىز مۇشۇنداق دېگەن ئاياللارنىڭ بەشىنچىسى، — دەپتۇ ھەيرانلىق بىلەن.

### بالىڭىز بەك تېز ئۆسۈپتۇ

يەھۇدىيلارنىڭ ماگىزىنىدىن بالىسىغا كىيىم سېتىۋالغان بىر ئادەم ماگىزىن خوجايىنىدىن سوراپتۇ:

— بۇ كىيىمنى يۇيسا قىسقىرامدۇ - قىسقارمامدۇ؟

— بۇ كىيىم ماگىزىنىمىزدىكى ماللارنىڭ ئەڭ ئېسىلى، ھەرگىز قىسقارمايدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ.

لېكىن، بىر ھەپتىدىن كېيىن ھېلىقى كىشى سېتىۋالغان كىيىمنى يۇيغانىكەن، كىيىم بەكلا قىسقىراپ كېتىپ، بالىسىغا پاتمايلا قاپتۇ. ناھايىتى غەزەپلەنگەن ئۇ ئادەم بالىسىنى ئېلىپ ھېلىقى يەھۇدىينىڭ ماگىزىنىغا كەپتۇ ۋە ئادۋوكاتنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا گۇناھىنى تونۇتماقچى بولۇپتۇ:

— سەن زادى قىسقارمايدۇ، دەپ كاپالەت بەرگەن بۇ كىيىمگە قاراپ باق، ئەمدى قانداق قىلىسەنكى، مەن بىر كۆرۈپ باقاي قېنى.

يەھۇدىي خوجايىن قىلچە تەمتىرىمەي، قىسقىراپ كەتكەن كىيىمنى كىيىۋالغان بالىغا قاراپ:

— ھە، نېمىدېگەن ئوماق بالا بۇ، بىر ھەپتە كۆرمىگەندىم، قاراڭ بويىنىڭ شۇنچە ئۆسۈپ كەتكىنىنى! — دەپتۇ.

### كەچۈرۈڭ

— خانىم، مەن بىلەن تانسا ئويناشنى خالامسىز؟

— ھە، كەچۈرۈڭ! مېنىڭ كىچىك بالا بىلەن تانسا ئوينىغىم كەلمەيدۇ.

— كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ياشىنىپ قالغان موماي ئىكەنلىكىڭىزگە دىققەت قىلماپتىمەن.

## كۆلكە خۇرۇچلىرى

ETHNIC UNITY

مېھمانخانىنىڭ ئېلانى: كارىۋاتتا يېتىپ تاماكا چەكمەڭ، يەرگە چۈشكەن كۈلنىڭ ئۆزى سىز بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

## لىنكولىن

دادىسى: توماس بىلەمسەن، لىنكولىن سەندەك ۋاقتىدا سىنىپ بويىچە ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى.

توماس: شۇنداق دادا، لېكىن لىنكولىن سىزدەك ۋاقتىدا ئامېرىكىغا زۇڭتۇڭ بولغانىدى.

## پۇل بېرىش ھېسابىغا شاپىلاق يېيىش

مارىك ئاشخانىدا بىر ۋاخ ناھايىتى مەززىلىك چۈشلۈك تاماق يەپتۇ. بىر رۇبلى تۆلەشكە تېگىشلىك ئىكەن، لېكىن ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق ئىكەن، ئۇ ئاشخانا خوجايىنىدىن سوراپتۇ:

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە بىرسى ئەگەر يەنە بىرسىنى بىر شاپىلاق ئۇرسا، ئۇرۇلغۇچى ئەرز قىلىپ سوتقا بارسا، ئۇرغۇچى نەچچە پۇل جەرىمانە تۆلەيدۇ؟

— ئېھتىمال، 5 رۇبلى تۆلەيدىغاندۇ، دېيمەن.

— ئۇنداقتا ياخشى، سىزمۇ مېنى بىر شاپىلاق ئۇرۇڭ - دە، ئېشىپ قالغان 4 رۇبلىنى ماڭا بېرىڭ.

## بوغالتىرنىڭ پاراستى

بىر سودىگەر باش بوغالتىرلىقنى ئىلتىماس قىلىپ كەلگەن كىشىلەرنى قوبۇل قىلىۋېتىپ، ھەر بىر ئىلتىماس قىلغۇچىدىن:

— 2 مىليونغا 2 مىليوننى قوشسا قانچە بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئالدىنقى 2 كىشى قىلچە ئىككىلەنمەستىن:

— 4 مىليون بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتىكەن، ئىككىلىسىلا خىزمەتكە ئېرىشەلمەپتۇ.

ئۈچىنچى كىشىدىن سورىغاندا، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى تاقاپ، پەردىنى يېپىپ قويۇپ ئۇستەلگە يېقىن كېلىپ:

— سىزنىڭچە نەچچىگە تەڭ بولسا بولىدۇ؟— دەپ سوراپتىكەن، ئۇ دەرھال قوبۇل قىلىنىپتۇ.

## بۇ نەرسە لازىمغۇ دەيمەن

كالىفورنىيە شتاتىدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر ئوقۇغۇچى جىددىي خىزمەت ئىزدەپ، بىر كېزىتخانىغا كىرىپ دىرېكتوردىن سوراپتۇ:

— سىلەرگە بىر ياخشى تەھرىر لازىممۇ؟

— لازىم ئەمەس.

— ئۇنداقتا مۇخبىر لازىممۇ؟

— ياق.

— نابورچىك لازىممۇ ئەمسە؟

— ياق، ھازىر بىزدە ھېچقانداق بوش ئورۇن يوق.

— ئۇنداقتا بۇ نەرسە سىلەرگە لازىمغۇ دەيمەن؟— دەپ سومكىسىدىن دەرھال ناھايىتى سىپتا ئىشلەنگەن بىر خەت تاختىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ. ئۇنىڭدا: «خىزمەتچىلىرىمىز تولۇق، ۋاقتىنچە ئادەم ئىشلەتمەيمىز!» دېگەن خەت يېزىلغانىكەن. دىرېكتور بۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، دەرھال خوجايىنىغا تېلېفون بېرىپتۇ ۋە بۇ ئىشنى تەپسىلىي ئېيتىپتۇ، ئاندىن دىرېكتور كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەگەر خالىسىڭىز بىزنىڭ ئېلان بۆلۈمىمىزدە ئىشلىسىڭىز قانداق؟! — دەپتۇ.

## كۆيۈمچان خوتۇن

— خوتۇنۇم بەكمۇ كۆيۈمچان، ھەمىشە ئايىغىمنى سالدۇرۇپ قويىدۇ.

— ئۆيىڭىزگە قايتقان چېغىڭىزدىمۇ؟

— ياق، سىرتقا چىقاي دەپ تۇرغان چېغىمدا.

(خەمىت نىغمەت تەييارلىدى)

يېلىم زاۋۇتنىڭ ئېلانى: دەز كەتكەن يۈرەكتىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى چاپلىيالايدۇ.

# قەلب دەرياسىدىن ئۈنچىلەر

(چاتما شېئىر)

● مۇھەممەت ئىمىن ●

## مۇقەددىمە

لايىقتۇر ئاپىرىن، ئالقىش، ھۆرمەتكە،
ئەل ـ ئاۋام رايىنى ئىگەللىگەنلەر.
ئالەمدەك كەڭ نەزەر، كەڭ كۆكسى بىلەن
سەپەرگە تۇلپارنى ئىگەرلىگەنلەر.

## سەپەر خۇشاللىقى

يۈرەكلەر خۇشاللىقنىڭ بۇلىقىمۇ،
شوخلۇقتىن مارجان تىزىپ ئۇخچۇيدىغان؟
كۆلكىلەر ئۈچقۇر دۇلدۇل تۇيىقىمۇ،
دىللاردىن ئوت چاچرىتىپ چوخچۇيدىغان؟

يول بويى ئۇزۇلمىدى ناخشا ـ قوشاق،
سۆيۈندى جانلار دۇتار ساداسىدىن.
ئارىلاپ بولدى تەڭكەش ئاگا چاقچاق،
شىپالىق تاپتى دىللار داۋاسىدىن.

ۋاگون تار، ئەمما كۆڭۈل دېڭىزدەك كەڭ،
قىزىدى لەرزان ئۇسسۇل تارچۇقتىمۇ.
ئوينىسا قىز ـ يىگىتلەر بېقىشىپ تەڭ،
ئىشقتىن ئوت چاقنىدى قارچۇقتىمۇ.

خالايىق قاراپ قالدى بولۇپ ھەيران،
«نېمانچە خۇشال، جۇشقۇن مىللەتتۇ» دەپ.
«ئالتۇندەك ۋۇجۇدىدا يالتىرىغان
قانداق روھ، قانداق ئېسىل خىسلەتتۇ» دەپ.

## قەدىمكى ئاستانە ـــ شىئەن

گىرىمسەن تۇماننى قىلىپسەن رومال،
مەرۋايىت ـ مارجىنىڭ سىم ـ سىم يامغۇر ھەم.
قاردەك ئاق چېچىڭنى يەلپۈپ شوخ شامال،
نەۋقىران چېغىڭدىن ئال دېيدۇ مەلھەم.

پەلەككە بوي سوزغان رەت ـ رەت بىنانى
يۈكسەلگەن قەددىڭنىڭ تىمسالى دەيمۇ؟
ھۆسنۈڭدە جانلىنىپ كۈلگەن زىيانى
شۆھرىتىڭ، داڭقىڭنىڭ نىشانى دەيمۇ؟

سەن قېرى، سەن ھەم ياش خىيالغا چۆككەن،
كۆرۈلدەر جىسمىڭدىن تارىخ چاپقۇنى.
سېپىلىڭ ئاستىغا نى سىرلار مۆككەن،
لاۋۇلدار كەچمىشىڭ رەڭدار يالقۇنى.

ئالتۇن تاج نەلەردە قالدى كۆمۈلۈپ،
قېنى ئۇ خاقانلار سەلتەنەتلىرى؟
يىلىكتىن ياسالغان مەيگە چۆمۈلۈپ،
كۆرەڭلەپ تۈزۈشكەن مەئىشەتلىرى؟!

سەپ تارتىپ تۇرۇشار لاي نەۋكەرلەر① تىك،
ئۇ، زۇلۇم ـ زورلۇقنىڭ شاھىد ـ ئىسپاتى.
ئۆلسە خان سانسىز جان كۆمۈلگەن تىرىك،
كېلەر يەر تەكتىدىن نالە ـ پەريادى.

ئۇ تارىخ چۈش بولۇپ قالدى يىراقتا،
بىر ئاچچىق ئەسلىمە قوزغاپ يۈرەكتە.
ئاھ ئۇرماس قان يىغلاپ دەردتىن ئەل بۈگۈن،
ئارزۇلار چاقنىغاچ ھەربىر چېچەكتە.

ئىپتىخار ئىلكىدە تۇرنا راۋىقى②،
زەر تونلۇق بەستىڭگە تاشلايدۇ نەزەر.
ۋالىلداپ ئىقبالىڭ ئالتۇن تاۋىقى،
جاھاننىڭ زوقىنى تارتار شۇ قەدەر.

ئەي شىئەن، سەن قېرى ھەم ياش ـ نەۋقىران،
كۆرۈلدەر جىسمىڭدىن تارىخ چاپقۇنى.
نامىڭنى ئۇلۇغلاپ ئوقۇيدۇ داستان،
خىسلەتلىك دەۋرانىڭ رەڭدار يالقۇنى.

## يەنئەن

ھىدلاپ كەلدىم چىمەنزارلىق باغلىرىڭنى، تەلپۈنۈپ،
ئالتۇن كەبى سېرىق، سىرلىق تاغلىرىڭنى، تەلپۈنۈپ.

نامىڭ تونۇش، يۈرىكىمدە ئۇرنۇڭ يۈكسەك، مۇقەددەس،
ئىدىرلىرىڭ خۇددى كۆرمىش دولقۇنىدەك ئېگىز ـ پەس.

گەمىلەردە چاقناپ تۇرار شام ـ چىراغلار ھېلىمۇ،
لەپىلدەيدۇ جەڭدە كۆيگەن تۇغ ـ بايراقلار ھېلىمۇ.

سېنى كۆرۈپ بىلدىم يەنئەن غەلىبىمىزنىڭ سىرىنى،
يەنخې سۈيى چايقايدىكەن دىللارنىڭ داغ ـ كىرىنى.

كۆز ئالدىمدا كۆۋەجىدى ئەينى يىللار ئۆپقۇنى،
لاۋۇلدىدى زۇلمەت تۈننى ئۆرتىگەن ئوت ئۇچقۇنى.

ئوقۇدۇم بىر شانلىق داستان بېسىپ ئۆتكەن ئىزىڭدىن،
ئۇلۇغۋارلىق، جۇشقۇنلۇقنى كۆردۈم ئاددىي جىسمىڭدىن.

ئىشخانىلار — پاكار گەمە، ھەشەمەتتىن ئەسەر يوق؛
سۇنۇق ئۇستەل، پۇچۇق بەلدىنىڭ، سالاپەتتىن ئەسەر يوق.

كاڭدا بورا، ياماق يوتقان، ياتاق ئۆيلەر بەك غۇربەت،
شۇ غۇربەتتىن چاقناپ پاكلىق، گۇم بولغانغۇ شۇم زۇلمەت.

كۆرۈنمەيدۇ ۋۇجۇدىڭدا سۆلەتۋازلىق - نوچىلىق،
كۆرۈنمەيدۇ يا چىرىكلىك، ساختىپەزلىك، پوچىلىق.

خىيانەتچى، پارىخورغا سەندە ماكان يوق ئىكەن،
يالاي دېسە تەخسىكەشكە ھەتتا تاپان يوق ئىكەن.

سەپدىشىغا ئورا كولاش يوقكەن ھېچكىم ئېڭىدا،
كەلگۈسىگە يۈرۈش ئىكەن ئارزۇ ھەركىم دىلىدا.

خىسلىتىڭدىن ئاقتى، يەنئەن، كۆز ياشلىرىم تامچىلاپ،
چوڭقۇر خىيال سەگىتىپ باش، ئۆتتى دىلنى قامچىلاپ.

× ×

ئەنئەنەڭدىن بىلدىم يەنئەن غەلبىمىزنىڭ سىرىنى،
يەنىخې سۈيى چايقاپ تۇرغاي ھېلىمۇ دىل كىرىنى!

## بىيجىڭ

1

يۈرۈتتۇم تېخى خەت تارتمىغان چاغلار،
قوينۇڭغا ئەركىلەپ كەلسەم يىراقتىن.
ئوغلۇم دەپ پەپىلەپ باسقان باغرىڭغا،
مېھرىڭنى سەزگەنتىم گۈلدىن - قىياقتىن.

مەن سېنى يۈرەكتىن سۆيدۇم باغاشلاپ،
سەن ماڭا سۆيۈملۈك ئىككىنچى ماكان.
شياڭشەندە چوغ ياپراق ئوت ياقسا دىلغا،
بېيخەيدە مەي تۇتتى گۈل يۈزلۈك جانان...

ئاھ، بۈگۈن چېكەمنى باستى ئاق قىرو،
چاپچىماس ياشلىقنىڭ چۈشلىرى رەڭدار.
لېكىن سەن توز كەبى يايدىڭ زەر قانات،
قىرانلىق سۈلكىتىڭ ئالەمگە داڭدار.

بىنالار ئاق بۇلۇت كۆكسىنى يارغان،
كوچىلار، كۆۋرۈكلەر كەتكەن چىرمىشىپ.
ھۆسنۈڭگە شەيدالار كېلەر ئۈزۈلمەي،
تاغ ئېشىپ، ئوكياندىن ئاتلاپ، تىرمىشىپ.

مەن سېنىڭ قوينۇڭدا بەختىيار، خۇشال،
ئۇرغۇيدۇ دىلىمدىن ئىپتىخار، غۇرۇر.
ئايلانسام رەستەڭنى، خان سارىيىنى،
سېزىمەن ئۆزۈمنى شاھ كەبى مەغرۇر.

ئاھ!...
يىراق ئانا يۇرت سىماسى ھامان
ئالدىمدىن مىنۇتمۇ كەتمەيدۇ يىراق.
سېغىنىش ھېسسىنى تۇرتۇپ ئويغىتىپ،
ئۆرتەيدۇ قەلبىمنى، سېلىپ ئوت - پىراق...

2

زۇمرەت كۆل لېۋىنى سۆيسە مەجنۇنتال،
ئالتۇندەك چاقنايدۇ يوپۇرماق توپا يول.
دىلنى مەست ئەيلىگەي جىگدە خۇش ھىدى،
بۇلبۇلنى كەشتىلەپ چىقار ئەپچىل قول.

ئۈپۈققا بەرسە رەڭ دولان مەشرىپى،
ھېيتگاھنىڭ ساماسى كۆككە ئوت ياقار.
تۇن يارسا ئېلچىدا ياغ قاپاق مەشئەل،
غۇلجىدا چاقچاقنىڭ چاقمىقى چاقار.

تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى تەڭ ئارا ياقۇت،
پەيزاۋات قوغۇنى تۇرار قەنت چېچىپ.
بال بىلەن بەسلەشسە ئاتۇش ئەنجۈرى،
قەشقەرنىڭ ئانارى كېلەر يۈز ئېچىپ.

ئەيمىنىپ سەيلىگە چىقالماس پەرى،
كۈچانىڭ قىزلىرى كۆرسەتسە دىدار.
قىياقتەك قاشلىرى، سۇمبۇل چاچلىرى،
قىلار نى يىگىتنى ئۇيقۇدىن بىدار...

ئېخ، يۇرتۇم گۈزەلسەن، مېھرىڭ ئوت - لاۋا،
ئوڭۇم ھەم چۈشۈمدە ئاچسەن جامال.
سەن تامان ئاقىدۇ ئىشقىم سەل بولۇپ،
يولۇمنى تاغ - داۋان قىلسىمۇ قامال.

چىققاندا ئەۋجىگە سېغىنىش ھېسسى،
تۆكۈلەر كۆز يېشىم مارجاندەك گويا.
تەسەللى مەلھىمى سېپەر شۇ ھامان،
قەلبىمنى چۈشەنگەن بېيجىڭ — جان ئانا.



تېلېفون شىركىتىنىڭ ئېلانى: ئۆيىڭىزگە قايتىشىڭىزدىكى ئەڭ قىسقا مۇساپە.

3

يۇرتداشلار كەلگەندە قوينۇڭغا بۇگۈن،
كۆرۈندىڭ كۆزۈمگە ئىسسىق باشقىچە.
ئايلاندۇق باغچاڭنى، ئاۋات كوچاڭنى،
دىللاردا شادلىقتىن قىيان تاشقىچە.

تەڭرىتاغ يوللاپتۇ ئوغلىغا سالام،
باش ئېگىپ بىلدۈردۈك سەنمۇ ئېھتىرام.
تيەنئەنمېن راۋىقى ئاچتى قوينىنى،
ھەم «دۇنيا باغچىسى» دېدى: كەل بالام!

بىز گويا شوخ بېلىق، سەن زۇمرەت دېڭىز،
پىلتىڭلاپ يايرىدۇق مېھرىڭگە قېنىپ.
شەنگگە ياڭراتتۇق ئوتلۇق ناخشىنى،
ئانا يۇرت ئىشقىدا كۆيگەندەك يېنىپ...

× × ×

ئەي بېيجىڭ، سۆيىمەن سېنى يۈرەكتىن،
سەن ماڭا سۆيۈملۈك ئىككىنچى ماكان.
ئانا يۇرت باغرىغا سىڭسەممۇ كېيىن،
ئېسىمدىن چىقمايدۇ گۈل يۈزلۈك جانان!

## دالىيەن

ياتىسەن قۇچاقلاپ زۇمرەت دېڭىزنى،
شېرىن چۈش قوينىدا تەۋرىنىپ لەرزان.
مىنگەشكەن دولقۇنلار مامۇق ياستۇقۇڭ،
پەرقاقتان چايكىلار سىردىشىڭ ھامان.

سەن گويا پەرىزات، گۈزەل تەڭداشسىز،
جىلۋەڭدە دىللارنىڭ مەيلىنى ئوتقان.
سەن گويا زەر تاڭدا ئېچىلغان غۇنچە،
ياقۇتتەك لېۋىڭدىن شېرىن مەي تۇتقان.

ئەينەكتەك ۋاللداپ تۇرغان يول- كوچاڭ،
بىغۇبار قەلبىڭنىڭ چاقنىغان ئەكسى.
بۇلۇتتىن ھالقىغان بىنا، تۇرخۇنۇڭ،
شانىڭنى ساماغا يازىدۇ تەكشى.

ئالتۇندەك تاۋلانغان جىلۋىدار سەبدەڭ،
خوشلۇقۇڭ بەرگىدىن تۆكىدۇ شەبنەم.
شاخلاردا يۇلتۇزدەك چاقنىغان مېۋەڭ،
ئۇنتۇقۇڭ كۆكىدە ئۈينىتار ئەلەم.

چىمەندە سىرداشتىم كەپتىرىڭ بىلەن،
سىرىڭنى پىچىرلاپ ئېيتتى ئۇ ماڭا.
چاقناپتۇ بېشىڭدا پاك خىسلەت تاجى،
ئالەمچە ھۆرمەتتە تىكىلدىم ساڭا.

كۆرمىدىم گۈل يىرىپ، شاخ سۇندۇرغاننى،
كۆرمىدىم گىياھنى چەيلىگەننى ھەم.
كۆرمىدىم گال سىقىپ، ياقا يىرتقاننى،
كۆرمىدىم ئاق چېكىپ لەيلىگەننى ھەم.

كۆرگىنىم جۇشقۇنلۇق، ئەدەپ ۋە ئەخلاق،
چۈش كەبى گۈزەللىك قالغىنى ئەستە.
تۇرسىمۇ ئوقسىمان مۇنار③ گىدىيىپ،
ئىرادەڭ، روھىڭدىن قاپتۇ كۆپ پەستە.

ئەي دالىيەن، سەن گويا گۈزەل ئەپسانە،
جىلۋەڭگە باغلاندىم سېھرىڭ كۈچىدىن.
ياقۇتتەك لېۋىڭدىن تۇتقىنىڭدا مەي،
تامدى زەر- دۇردانە قەلەم ئۇچىدىن.

## خاتىمە

كۆمەر تالاي ئەسلىمنى يىللار بورىنى،
ئەمما چاقنار قۇتلۇق سەپەر ئىزى يۈرەكتە.
بۇ سەپەردە ئېچىلدى شوخ بۇلاقلار كۆزى،
كۆرگىن ئىلھام پەرىسىنى ئەمدى چېچەكتە!

**1997- يىل 11- ئايدىن 1998- يىل 1- ئايغىچە شىڭەن- بېيجىڭدا يېزىلدى.**

(ئاپتور: بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئالىي مۇھەررىر)

---

**ئىزاھلار:**

① لاي نەۋكەرلەر — چىن شىخۋاڭ قەبرىستانلىقىدىكى ئازگاللاردىكى لايدىن ياسالغان قورچاق لەشكەرلەر.

② تۇرنا راۋىقى — شىئەن شەھىرىدىكى قەدىمقي مەشھۇر راۋاق.

③ ئوقسىمان مۇنار — ياپون جاھانگىرلىكى 1904- يىلى چارروسىيە - ياپونىيە ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دالىيەننىڭ لۈشۈنكو ئېغىزىدىكى تۆپىلىككە ئوقسىمان مۇنار ياسىغان. بۇ مۇنار ھازىرمۇ تاجاۋۇزچىلارنىڭ جىنايى پاكىتى سۈپىتىدە ساقلىنىۋېلىنىپتۇ.



ھۆسن تازەش ئورنىنىڭ ئېلانى: بۇ يەردىن چىقىپ كېتىۋاتقان خېنىملارغا چاقچاق قىلماڭ، ئۇ بەلكىم سىزنىڭ قېيىنانىڭىز بولۇشى مۇمكىن.

# ئىككى نەسر

**● ئابلىمىت مىجىت (ۋاپادار) ●**

## ئۇنتۇلغان ئابىدە

ئىشىنەمسىز؟ مەن ھازىر ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى بىلمەيمەن. پەمىچە، مېنىڭ يىقىشلىق بىر ئىسمىم بولغانمىش، لېكىن ھازىر ئۇنى ئۇنتۇپ قالدىم. دادامدىن سورايمىكىن دېسەم، «ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەن ئادەم ئاش - ناننى نېمىگە يەيسەن؟» دەپ ئەدەبلەپ كېتىشىدىن قورقىمەن.

راستىنى ئېيتسام، قىلىدىغان ئىشىمنىڭ تايىنى يوق: ئەتىگەندە سىرتقا چىقىپ كەتسەم قاۋاقخانا، بىليارتخانا ۋە يەنە قانداقتۇر بىر سورۇنلاردا باشقىلارنىڭ ئاغزىغا قولىغا تەلمۈرۈپ كۈنۈم ئۆتىدۇ. ئىچىش، چېكىشكە كەلگەندە مەندىن نوچىسى يوق. قارىسىڭىز، دادام تەر تۆكۈپ ئىشلەپ غېمىمىزدە يۈرگىنى يۈرگەن، مەن ... ئىشقىلىپ تاماقنى چايناپ يۇتمەيمەنغۇ، ئاسان ئەمەس - دە!

بىر كۈنى ئەتىگەندە دادام مېنى يىراق بىر شەھەرگە ئىشقا بۇيرۇۋېدى، يولغا چىقىپ بولۇپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىمنى، دادامنىڭ نېمە ئىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. توۋا دېمەن، شۇنداق مەقسەتسىز، نىشانسىز كېتىۋاتقىنىمدا كەينىمدىن كەلگەن بىر قانچە ئاتلىق كىشى سوراپ قالدى:

— ھەي يولۇچى، سەپىرىڭ قايان، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

— بىلمەيمەن! — مەن ئۇلارنىڭ سوئالىدىن رەنجىپ سوغۇققىنا جاۋاب بەردىم.

— ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەممۇ بولىدىكەن- ھە جاھاندا! — دېيىشتى ئۇلار ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ، — ساراڭ ئوخشايدۇ! ئۇلار كېتىپ قېلىشتى.

ئاخىرى يەنە ئۆزۈمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ۋارقىرىدىم:

— مەن كىم زادى!؟

— سەن ئادەم بولالمىغان ئادەم! — دېدى شاماللار ئۇلۇغ كىچىك تىنىشىپ.

— سەن ئۆتۈپ كەتكەن لايغەزەل، نان قېپى! — دېدى زېمىن تىترەپ.

— سەن ئۆز ئۆزىنى خار قىلغان نادان! — دېدى ئاسمان گۈلدۈرلەپ.

— سەن خۇدىنى يوقاتقان ئەخمەق! — دېدى تاغلار غاراسلاپ.

«ئادەم بولالمىغان ئادەم»، «لايغەزەل، نان قېپى»، «ئەخمەق»، «نادان» ...: شۇ ھىلىھازىرغىچە يىرايىم ئېچىلىپ، كۆلگۈم كەلدى. چۈنكى بۇنداق ئاتاشلار ماڭا خوپ ياراشقانىدەك قىلاتتى.

## ھەسەت، غەزەپ ۋە «شەرەپ»

سەن بىلەن مەن قاۋاقخانىدا تونۇشقان ئەمەس ۋە ياكى تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغانمۇ ئەمەس. ئىككىمىز بىر زېمىندا، بىر مەھەللىدە تۇغۇلغان: كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىر - بىرىمىزنىڭ «ئىگە»لىرىنى ئاڭلىشىپ چوڭ بولغان.

مانا بۈگۈن بىز يىراق بىر شەھەرگە سەپەرگە ئاتلاندۇق. ئەلۋەتتە باسقان ئەگرى - بۈگرى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يوللىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس.

كېتىۋاتىمىز. سەن ماڭا، مەن ساڭا ھەمدەم بولۇپ ياندىشىپ كېتىۋاتىمىز. ئويلىمىغاندا ئالدىمىزنى بىر چوڭ ھاڭ توسىۋالدى. ھاڭنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىز ئىزدەپ يۈرگەن گۆھەر ۋاللىداپ تۇراتتى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ھاڭدىن شىددەت بىلەن سەكرىدۇق. سېنىڭ ئوڭ پۇتۇڭ، مېنىڭ سول پۇتۇم سۇندى. ھاڭدىن چىقماقچى بولۇپ ھەممىگە چىداپ يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، جان تالاشقىنىمىزچە ھەرىكەت قىلىشتۇق. سەن ھاڭدىن چىقىپ بولۇشقا ئازلا قالدىڭ. مەن گۆھەرنىڭ سېنىڭ يانچۇقۇڭغا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، سېنى تىرەپ تۇرغان بىر تاشنى ئۆرۈۋەتتىم. سەن يىقىلدىڭ. ئەپسۇس، مېنىڭ ئاغرىق پۇتۇمدىن تارتىپ، مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ يىقىلدىڭ...

شۇ ئەسنادا بىز كەلگەن تەرەپتىن ئۈچ ئادەم كەلدى. ئۇلار ساڭىمۇ، ماڭىمۇ ناتونۇش ئىدى. كۆرۈپ تۇردۇق. ئۇلار ھاڭدىن ئىككىمىزدەك ئەسەبىيلەرچە قاراملىق بىلەن سەكرىمىدى: پەم بىلەن بىر - بىرىنى ئاسراپ، ئاۋايلاپ سىيرىلىپ چۈشۈشتى. چىقىشتىمۇ ئۆز ئالدىغا ھەرىكەت قىلىشمىدى: بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ، بىر - بىرىنىڭ قولىدىن تارتىپ ھېچقانچە ئاۋارە بولمايلا چىقىپ بولدى. گۆھەرگىمۇ ئانچىلا ئۆزىنى ئۇرۇپ كېتىشمىدى. بىرسى يەردىن ئېلىپ يەنە بىرىگە ئۇزاتتى، ئۇ سىنچىلاپ زوقلىنىپ قارىغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى بىرىگە تۇتقۇزۇپ كۈلۈشكەن پېتى يۈرۈپ كېتىشتى.

بىز ئىككىمىز ئەمدى بىر - بىرىمىزگە ھەسرەتلىك قاراشقىنىمىزچە ئولتۇرۇپ قالدۇق. سېنىڭ ئوڭ كۆزۈڭدە ھەسەت، سول كۆزۈڭدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى؛ مېنىڭ ئوڭ كۆزۈمدە غەزەپ، سول كۆزۈمدە ھەسەت ئوتلىرى ئۇچقۇندايتتى. ئىككى جۈپ كۆزدىكى ھەسەت، غەزەپلەر ئۆز ئارا ئۇچراشقاندىن كېيىن دەرھال ئۇنىڭ ئورنىنى «شەرەپ»، مەغرۇرلىنىش ئىگىلىدى. چۈنكى مەن سېنى يىقىتالىغانىدىم، سەنمۇ بوش كەلمەي مېنى يىقىتالىدىڭ ئەمەسمۇ؟!

(ئاپتور: گۇما ناھىيە زاڭگۇي يېزىلىق دوختۇرخانىدا دوختۇر)

ETHNIC UNITY

تائىسخانا ئېلانى: سىلەرنى ناھايىتى تېزلا جۈپ قوشماقلاردىن قىلىپ چىقىمىز.

# مەن ئۆلۈشنى خالىمايتتىم

(ھېكايە)

● ئەخمەتجان خۇما ●

كۆزۈمنى يۇمۇپ خىيال سۈرۈپ ياتاتتىم. بىرسىنىڭ يېنىمغا كەلگەندەك تۇيۇلدى. كۆزۈمنى ئاچسام بەھەيۋەت بىر مەخلۇق ماڭا ھومىيىپ قاراپ تۇرۇپتۇ. قورققىنىمدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتىم.

— كىمسەن؟ - ئېغىزىمدىن شۇ سۆزنىڭ قانداقلارچە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتىمەن.

— ئەزرائىلمەن، سېنىڭ جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم.

مەن ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم ۋە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدىم:

— ياق، ياق! مەن ھايات قېلىشىم كېرەك! مەن تېخى ياشايمەن، مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن.

— بىراق، — دېدى ئەزرائىل ئىستىھزا بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئەجىلىڭ توشقاندا ئاندىن ھاياتىڭنىڭ قىممىتىنى تونۇغىنىڭ بەكمۇ بىمەنىلىك بولدى- دە!

— مەن ھاياتنىڭ قىممىتىنى بۇرۇنلا تونۇپ يەتكەن. شۇڭا نۇرغۇن بىلىم ئۆگەندىم...

— بىلىم ئېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە؟

راست. مەن شۇ چاغقىچە نېمە ئىش قىلدىم؟ شۇ كۆپ بىلىمنى نېمىشقا ئىگىلىدىم؟ ھە تاپتىم، نام - شۆھرەت - ئابروي، ئاتاق ئۈچۈنمۇ؟ يەنە... ئارزۇلىرىم، غايىلىرىم...

— شۇنداق، — دېدى ئەزرائىل خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلىۋالغاندەك بىمالال ھالدا، — سەن جىق تىرىشتىڭ، ئۆگەندىڭ، ئىشلەتمىدىڭ، تولىمۇ كۆپ پەس ئارزۇ، غايىلەرنى كۆڭلۈڭگە پۈكتۈڭ. ئەمما... ھېچبولمىغاندا باشقىلارغا ئاز- تولا بولسىمۇ پايدىلىق ئىش قىلمىدىڭ. بىلىپ قالغىنىڭكى، ئىنسان بالىسى ئۈچۈن ئۆگەنگەننى ئىشلەتمەسلىكتىن ئېغىر گۇناھ بولمايدۇ.

— شۇنداق بولسا ماڭا ئازراق پۇرسەت بەرسىڭىز — دېدىممەن سولھى قىلىپ ۋە تىزلاندىم،

— ئۆتكەن ۋاقىتنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن تىرىشسام...

ئەزرائىل تۇيۇقسىز شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، پەر- جاھان زىلزىلىگە كېلىپ، زېمىن ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتتىمىكىن دەپ دۈم يېتىۋالدىم.

— تۇر ئورنىڭدىن، ھەي بىچارە بەندە! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى بىر چاغدا. — مۇنداق ئەخمىقانە گەپلىرىڭگە كىم ئالدىنىدۇ؟! دۇنيادا ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ ھېچبىر مەخلۇق ئۆتكەن ۋاقىتنى تولدۇرالىغان ئەمەس. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق. نەچچە ئون يىل ئەمەس، بىر مىنۇتنىڭمۇ ئۆتكىنى ئۆتكەن. كەتتىمۇ بولدى، بىر مىنۇتلۇق ئۆمرۈڭ قىسقاردى دېگەن گەپ. ۋاقىت ئىنساننىڭ رايىغا باقسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئىش باشقىچە بولار ئىدى. بىراق ۋاقىتنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەس- دە!؟



ETHNIC UNITY

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاچ ئىچىمدە باشقىچە پىلان سوقۇۋاتاتتىم. سۆزى تۈگەش بىلەن سەل خاۋاتىرلىنىپراق ئىلتىجا قىلدىم:

— مېنىڭ مال - مۈلكۈم ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. ھەممىنى سىزگە بېرەي، ماڭا ھاياتلىق بەرسىڭىز.

ئۇ دىمىقىدا كۈلدى.

— سەنزە كالتە پەملىكىڭدىن باقى ئالەمنىڭ ئىشلىرىنىمۇ پانىي ئالەمنىڭكىگە ئوخشىتىپ قاپسەن -دە! ماڭا پۇل - دۇنيانىڭ، نام - ئاتاق دېگەنلەرنىڭ ئەسلا كېرىكى يوق. ئەگەر لازىم بولسا ئۇلارغا خالىغان ۋاقىتتا ئىگە بولالايمەن. ماڭا ھازىر سەن يارىماسنىڭ جېنى كېرەك!

— توختاپ تۇرغىن، — دېدىمەن يەنە «سەن»لەپ ئاخىرقى ۋاستەمنى ئىشقا سالماقچى بولۇپ، — سەن زادى نېمىگە قىزىقىسەن؟

— مەن ئۈچۈن جان ئېلىشتىن ئارتۇق لەززەت يوق.

— ئۇنداقتا ئىش ئاسانكەنغۇ؟ خالىساڭ ھايۋانات، ئۇچار قۇش، قۇرت - قوڭغۇز دېمىسەن ياكى ئىنسان بولامدۇ يۈزلەپ، مىڭلاپ ئەكىلىپ بېرەي، مېنى ئامان قويۇپ شۇلارنىڭ جېنىنى ئالساڭ تېخىمۇ كۆپ لەززەتلىنىسەن ئەمەسمۇ؟

— سەن ھەقىقەتەن پەسكەش نېمىكەنسەن، — دېدى ئەزرائىل بىردىنلا قورقۇنچلۇق ئەلپازدا ماڭا ھۆرپىيىپ — ئەگەر سېنى يەنە ئازراقلا ھايات قويىدىغان بولسام، قانچىلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولارسەن؟ سەن بۇ دۇنياغا ئارتۇق تۆرۈلۈپ قالغان مەخلۇقكەنسەن. يەنە تالىشىپ ئولتۇرماي ئىشىمنى تۈگىتىپ يولۇمغا مېڭىپ، سەندەكلەرنى ئىزدەپ باقاي!

«توختا» دېمەكچى ئىدىم. بىراق ئاغزىمدىن «ت» تاۋۇشى چىقىپ بولغىچە تىلىم قېتىپ قالدى. بارا- بارا تېنىم سوۋۇپ كۆز ئالدىمنى تۇمان قاپلاپ، ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدىم. بارلىق سەزگۈلىرىم ئۆز رولىنى يوقىتىپ بولدى. قارىغاندا مەن ئۆلگەن ئوخشايمەن.

ھەي ئىست، مۇنداق بولارنى بىلگەن بولسام...

(ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى)

## ئىككى مەسەل

قۇربان ئېلى

### يول قويۇش

قايتىدىن مۆچەل بېكىتىدىكەن دېگەن گەپ بىلەن كالا، تۆگىلەر تىزىملىتىدىغان ئورۇنغا ماڭدى.

قېرىشقاندەك بۇ قېتىممۇ ئۇلار چوڭ بىر دەرياغا دۇچ كەلدى. ئۇلار دەريادا ئۈزۈپ قارشى قىرغاققا چىقىپ بولاي دېگەندە كالا تۆگىگە:

— تۆگە ئاكا، سىز ئاۋۋال قىرغاققا چىقىڭ، — دېدى.

— سىز چىقىڭ ئىنىم، — دېدى تۆگىمۇ كالىنىڭ ئىززىتىنى قىلىپ، ئىككىسى خوش - خوش دېيىشىۋاتقاندا، مىگىر مۇشەققەتتە ئۈزۈپ كېلىۋاتقان چاشقان كالىنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپ دۈمبىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتتىدە، مۈڭگۈزىدىن قىرغاققا سەكرىدى.

غەزىپى قايناپ تاشقان كالا چاشقاننى ئۇسمەكچى بولۇپ، بىر دېۋەنغانىدى، قىرغاققا چىقىپ قالدى.

مۆچەل بېكىتىش قائىدىسى ئىلگىرىكى تەرتىپكە ئوخشاش بولغاچقا، چاشقان يەنە مۆچەلنىڭ بېشىغا ئۆتتى، تۆگە بولسا قاتارغا كىرەلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئالغان ساۋىقى شۇ بولدىكى، ئارتۇقچە يول قويۇشمۇ زىيانلىق ئىكەن.

### بۇلبۇلنىڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشى

قۇشلارنىڭ سايراش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقىرىلغاندىن كېيىن، بۇلبۇل قاتتىق مەشىق قىلىپ، ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچ باغلاپ مۇسابىقىگە قاتناشتى. ئۇ بارلىق تالانتىنى ئىشقا سېلىپ پۈتۈن تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، چېمپىيونلۇق تۇرماق، ھەتتا، ئالدىنقى 3 - لىككىمۇ ئېرىشەلمىدى.

مۇسابىقىدىن كېيىن بۇلبۇل قەيەردە كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ھەققىدە خېلى ئۇزاق ئويلاندى، ئەمما مۇسابىقە باھالىغۇچىلىرىنىڭ شاتۇتى بىلەن قاغا ئىكەنلىكى زادىلا ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمىدى.

(ئاپتور: باي ناھىيىلىك سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدا)

شەيتان لۇغەت: ھايۋانات باغچىسى ــ ھايۋانلارنىڭ ئادەملەرنى ئەركىن - ئازادە كۆرۈۋالىدىغان جايى. (قۇربان ئەمەت)

# سەممىي سېتىقچى

(«س» ھەرپى بىلەن يۇرۇشكەن سۆز ئويۇنى)

● تۇردى قادىر نازىرى ●

«سائادەت» سودا سارىيى سودا- سېتىقتا سۈپەتلىك سودا سارايلارنىڭ سەرخىلى سانىلاتتى. «سائادەت» سودا سارىيىدىكى ساناقلىق ساختىپەزلەر سودا سۈپىتىنى ساختىلاشتۇرۇپ، سېتىۋالغۇچىلارنى سەسكەندۈردى. سودا سارايىنىڭ سەرمايىسىنى سايغا سىڭگەن سۇدەك سوغۇلدۇرۇۋەتتى. ساناقلىق سېتىقچىلارنىڭ ساختىپەزلىكىدىن سەسكەنگەن سېتىقچى سەلىم سايىم «سائادەت» سودا سارىيىنىڭ سودا ساپاسىنى ساغلاملاشتۇرۇشنى سودا ساھەسىنىڭ سۇلتانلىرىنىڭ سەمىگە سالدى.

سودا ساھەسىنىڭ سۇلتانلىرى سېتىقچى سەلىم سايىمنى «سائادەت» سودا سارىيىنىڭ سەركەردىلىكىگە سەپلىدى. سەلىم سايىم سودا- سېتىقتىكى ساۋاتلاردىن ساۋاقلىنىپ، سەۋەنلىكلەردىن ساقلىنىپ، سودىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، سارايىنىڭ سودا- سېتىقىنى سۈپەتلەشتۈردى، «سائادەت» سودا سارىيىنىڭ سودا ساپاسى، سۈپىتى ساغلاملاشقانلىقتىن، سارايىنىڭ سەرمايىسى سائەتلەپ سىلجىدى. «سائادەت» سودا سارىيى ساياغ سىستېمىسىدا سۈپەتلىك سودا سارايلارنىڭ سەرخىلى سانالدى.

سودا ساھەسىدە ساداقەتمەن سەركەردىلەرنى سايلاشتا سېتىقچى سەركەردە سەلىم سايىم سايلاندى. سودا ساھەسىنىڭ سۇلتانلىرى سۆگەتبۇلاقتىكى «سەلتەنەت» سارىيىنىڭ سەھنە سۈپىسىنى سەلتەنەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇپ، سالاپەتلىك، سۈپەتلىك سازەندىلەردىن سادىر ساتارچى، سەمەت سۇنايچى، سارىخان سەنەم، سابىر ساپايىلارنى سالاسۇنلۇق سەھنە سۈپىسىدا سەنەمگە سالدى.

ساتار، سۇناي، ساپايىلار سازلىنىپ، «سىگاھ»قا، سىگاھنىڭ سەنىمى، سەلقىنگە سايرىدى. سەلتەنەتلىك سورۇندا سودا ساھەلىرىنىڭ سۇلتانلىرى سەركەردە سېتىقچى سەلىم سايىمنىڭ سودىدا سەممىيلىكى، سۈپەتتە ساپلىقى، سارايىنىڭ سەرمايىسىنى سان- ساناقسىز سىلجىتقانلىقى، سارايى سېتىقچىلىرىنى ساغلاملاشتۇرغانلىقىنى سۆزلەپ، سەلىم سايىمغا سانسىز سوملۇق سائەت، ساماۋار، سومكىلارنى سۇندى.

# خۇراپاتلىقتىن خوشلىشايلى

(«خ» ھەرپى بىلەن يۇرۇشكەن سۆز ئويۇنى)

● ئەمەتجان مۇھەممەت پىدائىي ●

خۇراپاتلىق — خەلقىمىزنى خاراپلاشتۇرىدىغان، خەلقىمىزنىڭ خۇي- خاراكتېرىنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان خاتا خاھىشتۇر. خەزىنىلىرىمىزدىكى خاس خاتىرىلەردە خەلقىمىزنىڭ خىسلەتلىرى، خۇسۇسەن خۇشامەت، خەسىسلىك، خۇنۇكلۇك، خۇنخورلۇقتىن خالىي، خالىس، خۇشخۇي خەلقلىكى خاتىرىلەنگەن.

خۇراپاتلىق خۇسۇمەتلىرى، خەۋپ- خەتەرلىرى خەلقىمىزنىڭ خۇشخۇيلۇقىنى، خىلمۇخىل خىسلەتلىرىنى خازاندەك خورىتىشقا خىرسلىنىپ، خەلقپەرۋەر خادىملىرىمىزنى خاتىرجەمسىزلىك، خىجالەتچىلىكتە خورسىندۇرماقتا. خاتاسىزكى، خۇراپاتلىقتىن خوشلاشمىساق، خۇي - خاراكتېرىمىز خىرەلىشىپ خۇنۇكلىشىمىز.

خۇراپاتلىقنىڭ خېمىر تۇرۇچى — خۇشامەتكە خۇشتار خوجايىنلار، خىيالپەرەسلەرنىڭ خەسىسلىك، خۇشسىزلىق، خۇدۇكسىرەش، خاتىرجەمسىزلىنىشلىرىدە خاراكتېرلىنىدۇ. خەلقىمىز خۇشاللىق، خۇرسەنلىككە خۇشتار، خۇماردۇر. خەلقىمىزنى خۇراپاتلىق خۇمدانلىرىدىن، خۇرجۇن خالتىلىرىدىن، خۇپىيانە خىرىسلىرىدىن خوشلاشتۇرۇش؛ خۇراپاتلىق خېمىر تۇرۇچلىرىدىن خارامۇشلۇق، خوتۇنبازلىق، خاپىلىق، خاتالىق خاھىشلىرىدىن خالىيلاشتۇرۇش خىزمىتى خەيرلىك خىزمەتتۇر.

خالايىق! خىسلەتلىرىمىزگە خىلاپ خۇراپاتلىقتىن خوشلىشايلى. خىلمۇخىل خەزىنىلەشكەن خىسلەتلىرىمىزدىن خەلقئارادىكى خەلقلەرمۇ خۇشاللانسۇن. خۇراپاتلىقنىڭ خىلۋەت خانىلىرىدە خورتۇلداۋاتقان خىيالپەرەس، خىيانەتكار خولىگەرلەر، خۇراپاتلىق خالتىسىدىن خوشلىشىشنى خالىمىساڭلار خارلىنىسىلەر!

(ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا)

ETHNIC UNITY

بەلۋاغ زاۋۇتىنىڭ ئېلانى: شىمگىردىن باشقا لىززەت - ھۆرمىتىڭىزنىمۇ مەھكەم تۇتۇپ تۇرىدۇ.





← مۇھەممەتئېلى ئەيسا يازغان ▲ قاھار ئوسمان يازغان



▲ ↓ مۇھەممەتئېلى ئەيسا يازغان



▲ مۇھەممەتئېلى ئەيسا يازغان



هۆسنخەت

ئەسەرلەردىن

تاللانما



مېۋە شىركىتىنىڭ ئېلانى: مېۋىنى كۆپ يېسىڭىز، دورىنى ئاز يەيسىز.

# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版/民族团结杂志社

社长、总编辑
李金池（苗族）
副社长、副总编辑
刘金锁（蒙古族）
副总编辑
伊德里斯·巴拉提
（维吾尔族）
陈乐齐（侗族）
副社长
张德安（蒙古族）

（维吾尔文版）
（总第58期）
编辑：民族团结杂志社维文室
●主编
伊德里斯·巴拉提
●副主编
亚森·阿瓦孜
●值班编辑
哈米提·尼格麦提

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路204号2号楼D单元
邮政编码：830001
印刷：新疆日报社印刷厂
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
全国统一刊号：CN——1557
邮政发行代号：58——117
出版日期：1998年5月15日


## 1998年第三期要目


**●焦点访谈**

民族地区世纪之交的最大主题 维护稳定 加快发展
——党和国家领导人在民族省区代表团侧记……………………
民族印象——江泽民总书记："西藏是我经常牵挂的地方………
爱我民族 爱我中华…………………本刊记者 张承工 陈仕平
李嘉廷省长与博士的对话……………………………………罗 杰
集民族智慧 兴世纪伟业……………………………………………

**●民族大视野**

塔里木河在呼救…………………………………李斌 曾昭霞
中国的民族语言文字工作…………………………钟廷雄 陈丹

**●首都维吾尔人**

记青年物理学博士库来希·伊布拉音
………………………………………吐尔迪·买提尼亚孜

**●民委主任风采录**

"我们是要打服务牌的"——访天津市民委主任李仁智
……………………………………………………本刊记者

**●民族与自治地方**

珞巴族简介……………………………热合麦提江·阿合麦提

**●展望世界**

美国见闻录……………………………………伊德里斯·巴拉提

**●世界民俗大观**

美国人的邻里关系…………………………………………………

**●祝贺《民族团结》杂志维文版创刊十周年专页**

祝《民族团结》杂志更加繁荣昌盛…………吐尔洪江·阿布拉

**●健康与长寿**

左胸痛的时候……………………………………迪丽努尔·塔吉

**●花 坛**

组诗……………………………………………穆罕木德·依明
散文两篇…………………………………阿布里米提·米吉提
我不愿意死(小小说) ………………………艾合迈德江·胡玛
寓言两篇………………………………………………库尔班·艾力

**●画页**

封面：塔吉克儿童……………………………………………王成摄
封二：中国少数民族英才录：李德洙………………………………
封三：参加"两会"的少数民族代表，委员活动剪影……………
封底：饰．珞巴族………………………………………………顾绶康摄






ھەر مىللەت ۋەكىللىرى خەلق سارىيىغا ماڭماقتا.



شىنجاڭ ۋەكىللىرى چاي سۆھبىتىدە.



سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى كېرىم ئابدۇگۈل كىشىلەرگە ئىمزا قويۇپ بەرمەكتە.



↑ ھەر مىللەت ۋەكىللەر، ئەزالار خۇشال- خۇرام جەم بولدى.



↑ ئۇيغۇر ئارخېئولوگىيە خادىمى.



→ تاجىك ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى.










«民族团结»维吾尔文版（双月刊） «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)

国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى

全国统一刊号 CN11 — 1557 مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى

定价 3.00元 باھاسى 3.00 يۈەن

邮发代号 58 — 117 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى